

# ھسام چاقچاقلری

# ھەسام چاخچاقلىرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى:    ماخمۇت مۇھەممەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۈرۈمچى        1982

مەسئۇل مۇھەررىرلىرى: ئا. تۇردى،
ئا. ئۆمەر

# ھەسسام چاخچاقلىرى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى تارقاتتى
شىنجاڭ قۇمۇل ۋىلايەتلىك باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
1982 - يىل 3 - ئاي 1 - نەشرى
1982 - يىل 10 - ئاي 1 - بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى: M 10078·640
باھاسى: 0·15 يۈەن

## مۇندەرىجە


ئىككى ئادەت ........................................ 3

ئۇقماپتىمەن ........................................ 3

ئۇ پەردىمۇ خورەك تارتىسەن ........................................ 4

ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى ........................................ 4

پايدا چىقمىسا ........................................ 5

مۇشۇ بوغۇشۇڭدا ........................................ 5

ئۇنداق قازانغا مۇنداق چومۇچ ........................................ 6

بۈگۈن ئويۇنغا بارىمەن ........................................ 7

يەر تۈۋىنى ئىكەن ........................................ 7

لەپەرچە مېڭىش ........................................ 8

ئەپچىللىك ........................................ 8

يامان ئىتمۇ بار ........................................ 9

ئىككىنچى قول ........................................ 10

مېھماندوستلۇق ........................................ 10

ئەڭ ياخشى ئىش ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش ........................................ 11

زەرەتكالىقنى يۆتكەش ........................................ 12

مەلۇمات ........................................ 12

گىلەم ئۇستىسى ........................................ 13

ئەپسانىگە جاۋاپ ........................................ 13

ئىشەك ۋە تەخەي ........................................ 14

پوچىلىق ........................................ 14

زوگزايۇپ ........................................ 15

ئۇشكىمىكىن دەيتىمەن ........................................ 16

ئايلىنىپ بېرىپ تېگىش ........................................ 16

قالغان ئوتتۇز ئۇچى ........................................ 17

غالتەك بۇيرۇتۇش ........................................ 17

ئىگىشىمىگىز ........................................ 18

يېرىم ۋە بۇتۇن دولەت ........................................ 18

ئىچىدىكىسى ........................................ 19

جىنلارمۇ قورقىدۇ ........................................ 19

تەتۈر قوزۇق ........................................ 20

سىم - سىم قاتتىق ........................................ 21

سۇ بىلەن كېتەي ........................................ 21

چېنىقىش ........................................ 22

جەننەت ۋە دوزاق ........................................ 23

گوش قىسچىلىغىنىڭ سەۋدۇى ........................................ 23

مەندەك ماگاڭلىساڭ ئىچ ........................................ 23

ئون بىرگە ئۇنۇمايۋاتسا ........................................ 24

نەق پۇل ۋە نەق تىل ........................................ 25

چەتئەلچە تىللىما ........................................ 25

يارنىڭ لېۋى ........................................ 26

«كويسىمەك»دىن بىر كىلو ........................................ 26

سوغىنىڭ ئەڭ چېكى ........................................ 27

بىز بارغىچە ........................................ 27

قايسىنى ماختاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن ........................................ 28

تاماشا ........................................ 29

ھىسامىددىننىڭ ئىلغار قاسساپ سايلىشى ........ 30

ئوبدان مەسلىھەت ........ 31

«ھايت» دەپ قويدۇم ........ 31

كەكلىك ئوۋلاش ........ 32

قوڭغۇردىقى جىرىڭلىمىغان بىلەن ........ 33

ئىشەك - ھارۋا سېتىش ........ 33

قەي دورىسى ........ 34

بوچىغا جاۋاپ ........ 34

ھونەرنى قوشۇپ ساتىسىڭىز ........ 35

ئالاھىدىلىك ........ 35

يەنە بىر ئىشەك ........ 36

پەندىيات ........ 37

قويدا يەيمىز دېگەنغۇ ........ 37

لويلىنىڭ بۆلى ........ 38

كوڭۈلگە ياردشا قىلىق ........ 39

ئويدىكىسىمۇ يېتەر ........ 39

تەخسىمات ........ 40

«نېرى تۇردىلى ۋە بېرى كېلىلى» ........ 40

كالىنى ئەكىلىپ بېرىپ ........ 41

«... ئولتۇرمىغان يېرى قالمىدى» ........ 41

ئوزەڭ نىمە دېگەن ........ 42

قوش سالام ........ 43

زىيان قىلىمدۇ ۋە پايدا قىلىمدۇ ........ 43

دوكلاتنىڭ تەسىرى ........ 44

قىرىق سۆيۈمگە ........ 44

كەم نومۇر ........ 45

| | |
|---|---|
| خېرما قالدۇ | 45 |
| تويمىغۇرغا جاۋاپ | 46 |
| گۇۋاچى | 47 |
| ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى | 47 |
| ئىلگىرى - كېيىن تويۇش | 48 |
| ئاۋانسا | 48 |
| قاغىلار ۋە شەيتانلار | 49 |
| ئالاھىدىلىك | 50 |
| يەتمىش ئۇچىنچى ھۇنەر | 50 |
| ئىسمىم دېموكراتىيە | 51 |
| مۇشتىرىنىڭ پىكرى | 51 |
| ئەمدى مېنى كوتەرسۇن | 52 |
| مەس بولدۇم | 52 |
| شاۋ - شۇۋ | 53 |
| ساق قالغان كوزنەكنىمۇ | 53 |
| يەنە بىردەم تۇرغان بولسىمىز | 54 |
| چاقنى تولتىمىش | 54 |
| تېزرەك يىشقىنى ياخشى | 55 |
| ئەزمىگە جاۋاپ | 55 |
| سەجدىگە كېتىپ قوپالمايۋاتىدۇ | 56 |
| ئاۋارىگەرچىلىك | 57 |
| ھىكايە ۋە خەۋەر | 57 |
| سەۋرىنىڭ سىرى | 58 |
| كىچىك ئويلىنىش | 59 |
| باش بىكار بولمىسا | 59 |

سىزنى توراۋاتىدۇ ........................................ 59
مۇشۇنداق كېلىۋەرسىڭىز ........................................ 60
”بۇ شۇجىغا„... ........................................ 60
پايدا قىلىدىغان دورا ........................................ 61
قايسى سوزىڭىزگە ئىشىنەي ........................................ 61
كوزنى يۇمۇپ ........................................ 62
ئوبلاست دەرىجىلىك مىجەز ........................................ 63
گوشنى ئۇرۇش ........................................ 63
يازىدۇ ........................................ 64
چاتاق يوق ........................................ 64
ئاۋال سوردۇ بىلىك ........................................ 65
ئەزىدىشە ........................................ 66
ئاداۋەتنى يېپىش ........................................ 66
ئاغىنىدارچىلىق ........................................ 67
ئوقۇغۇچىلىق پورمىسى ........................................ 67
جۇيجاڭ ئىزلەش ........................................ 68
ئالداش ........................................ 68
سىز تاغارنىڭ تېشىدا ئىدىڭىز ........................................ 69
باراڭلىققۇ تۈگىدى ........................................ 69
بەگنىڭ موچىلى ........................................ 70
بۇ تېخى يېتىشمەيدۇ ........................................ 70
ھەتتەگىنەي ........................................ 71
مەسئۇلىيەت ........................................ 71
تويىدۇ - دە! ........................................ 72

# ھەسامىدىن ۋە ئۇنىڭ چاخچاقلىرى

## توغرىسىدا

كىملەر ھەسامىدىننىڭ پارىڭى چىققاندا ئىختىيارسىز ھالدا ئۇنىڭ قىزىق چاخچاقلىرى ۋە لەتىپىلىرىنى تىلغا ئېلىپ كۈلۈشىدۇ.

ھەسامىدىن قۇربان ئوغلى 1930 - يىلى غۇلجا شەھىرىنىڭ ئوردا مەھەللىسىدە شەھەر كەمبەغەلى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلدى. 10 يېشىغىچە ئائىلە تەربىيىسىدە بولۇپ 1940 - يىلى غۇلجا شەھىرىدىكى بەيتۇللا — مەدرىس مەكتىۋىگە ئوقۇشقا كىردى، 4 يىل ئوقۇغاندىن كېيىن ئائىلە قىيىنچىلىقى تۈپەيلىدىن ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالماي، 14 يېشىدىن تارتىپ تاكى ئازاتلىققىچە ئۇششاق تىجارەت بىلەن شۇغۇللاندى.

شىنجاڭ ئازات بولغاندىن كېيىن كىچىكىدىن تارتىپلا سەنئەت خۇمارى بولغان ھەسامىدىن ئىلى ۋىلايەتلىك سەنئەت ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، ئۆزىنىڭ مول سەنئەت قابىلىيىتى بىلەن كەڭ ئاممىنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. ئۇنىڭ قىزىقچىلىق خۇسۇسىيەتلىرىمۇ ئاشۇ يىللاردا نامايەن بولۇشقا باشلىدى.

ھەسامىدىن 1960 - يىلىغىچە غۇلجا ناھىيىلىك سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلىدى. ئۇ ئىزچىل ھالدا ئىشتىن سىرتقى سەنئەت ئۆمەكلىرىگە قاتنىشىپ، ئامما سۆيگەن ۋە ياراتقان خەلق سەنئەتچىسى ھەم قىزىقچىسى بولۇپ قالدى.

ھەسامىدىننىڭ ئاتىسى قۇربان ۋە چوڭدادىسى ئىسمايىل

ئۆز زامانىسىدىكى كۆپچىلىككە تونۇلغان قىزىقچىلاردىن بىرى ئىدى. ئائىلىدىكى بۇنداق شارائىت ھەسامىدىنىنىڭ قىزىقچى بولۇپ يېتىلىشىدە چوڭ تەسىر كۆرسەتمەي قالمىدى. كېيىنكى ۋاقىتلاردا ئەلدە تونۇلغان قىزىقچىلاردىن زوردۇن، يۇۋىشخانكور ۋە باشقا بىرقانچە قىزىقچىلار بىلەن ئارىلىشىش ۋە ئۇلاردىن ئۆگىنىش نەتىجىسىدە ھەسامىدىن ئۆزىنىڭ چاخچاقچىلىق قابىلىيىتىنى بېيىتتى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. ئۇنىڭ ئاچچىق ھەجۋى، چوڭقۇر يۇمۇر، ئۆتكۈر كۈلكىلىك چاخچاقلىرى كەڭ خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن خۇددى نەسىردىن ئەپەندى لەتىپىلىرىگە ئوخشاشلا قىزغىن قارشى ئېلىندى. ھەسامىدىن چاخچاقلىرى بەزىدە، لىنبياۋ ۋە "4 كىشىلىك گۇرۇھ" ئاستىن-ئۈستۈن قىلىۋەتكەن جەمئىيەت تۈزۈملىرىنى سۆكسە، كۆپىنچە ھاللاردا جەمئىيەتتىكى ئىككى يۈزلىمىلىك، ناداتلىق، بەتخەجلىك. كورەڭلىك، ياسانچۇقلۇق، لۆكچەكلىك، ھايانكەشلىك، خۇراپاتلىق ۋە باشقا ناچار ئىللەتلەرنى قامچىلاپ خەلقنى يېڭى ئاڭ، يېڭى ئىستىلغا ئۈندەيدىغان قورالغا ئايلاندى. كىشىلەر توي-تۆكۈن، مەشرەپلىرىنى ھەسامىدىنسىز ئۆتكۈزمەيدىغان، تۇرمۇشتىكى ھەر خىل ئىشلاردا ئۇنىڭ چاخچاقلىرىدىن مەسلىھەت ئالىدىغان ۋە بۇ سۆزلەردىن ماقال-تەمسىل ئورنىدا پايدىلىنىپ، ئۆزلىرىنى ۋە بالا-چاقىلىرىنى تەربىيىلەيدىغان بولدى. بىز ئىشىنىمىزكى، ھەسامىدىن چاخچاقلىرى بۇندىن كېيىن تېخىمۇ يېڭى شەكىل، يېڭى مەزمۇن بىلەن بېيىپ ۋە كەڭ تارقىلىپ، خەلقىمىزنىڭ "4 نى زامانىۋىلاشتۇرۇش" كۈرىشىدە ئۆز تۆھپىسىنى قوشىدۇ.

ماخمۇت مۇھەممەت

# ئىككى ئادەت

ھەسامىدىن ئىدارە ئالدىدا بىر تونۇش كىشى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى. ئاڭغىچە يىغىندىن تارقىغان باشلىقلار چىقىپ قالدى. ھەسامىدىننىڭ سوھبەتدىشى ھەر بىر باشلىق ئۆتكەندە بىر قېتىم غەلىتى ھىجىيىپ ئىڭىلىۋەردى، بۇنىڭدىن غىجىغى كەلگەن ھەسام سورىدى:

— بۇ نىمە قىلىق بۇرادەر؟

— نىمە بوپتۇ؟ — دېدى سوھبەتدىشى غەمتارتماي، — مېنىڭ رەھبەرلىكنى كۆرگەندە شۇنداق ئېھتىرام بىلدۈردىغان ئادىتىم بار.

ھەسامىدىن ئۈنچىقمىدى، ئەمما سوھبەتدىشى ھەر قېتىم ھىجىيىپ ئېگىلگەندە، بىر قېتىمدىن يەرگە تۈكۈرۈۋەردى.

— نىمانداق قىلىسەن بۇرادەر؟ — دەپ سورىدى سوھبەتدىشى خاپا بولۇپ.

— نىمە بوپتۇ؟ — دېدى ھەسامىدىن غەمتارتماي، — مېنىڭ پەسكەش ئادەتنى كۆرگەندە شۇنداق يىرگىنىدىغان ئادىتىم بار.

# ئۇقماپتىمەن

ھەسامىدىن ۋەلسىپىت مىنىپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى. تار يولدا ئىشەك مىنگەن بىرسى يولنى بوشاتماي مېڭىۋەر-

دى. ھەسامىددىن زەردە بىلەن قوڭغۇراق جىرىڭلىتىۋەرگەن،
ئىدى، ھېلىقى كىشى ئاخىر كەينىگە بۇرۇلدى - دە:
— بەللى بۇرادەر، ئىشەككىمۇ قوڭغۇراق جىرىڭلىتامدى-
كەن، — دەپ كۈلدى.
— كەچۈرسىز، — دېدى ھەسامىددىن يانداپ ئۆتۈپ
كېتىۋېتىپ، — ئىشەكنىڭ ئۈستىدىكىمۇ ئىشەك ئىكەنلىكىنى
ئۇقمايتىمەن.

## ئۇ يەردىمۇ خورەك تارتامسەن

ھەسامىددىننىڭ بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا چاخچاق قىپتۇ:
— ئاغىنە، ئىككىلەن تەڭلا ئۆلسەك، بىر گورگە قويسا،
چاخچاقلىشىپ يېتىپ زېرىكمەيتتۇق - ھە؟
ھەسامىددىن دەررۇ قاپىغىنى تۈرۈپ دەپتۇ:
— ياق، بۇرادەر، سەن بىلەن بىر گورگە ياتمايمەن.
— نېمىشقا؟ — ھەيران بوپتۇ ئاغىنىسى.
— سېنىڭ خورەك تارتىدىغان ئەسكى قىلىقىڭ بار،
ئۇ يەردىمۇ مېنى ئارام خۇدا ئۇخلاتمايسەن، — دەپتۇ
ھەسامىددىن.

## ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى

ھەسامىددىن ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىقى ئۆز گې-
پىدە راست قىلىدىغان كىشى ئىكەن. ھەسامىددىن باشلىقى-
نىڭ بۇ مىجەزىگە بىر نەچچە قېتىم پىكىر بېرىپ دەككىسىمۇ

يىگەن ئىكەن.

بىر كۈنى ئىداردە «ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى نېمە؟» دې-
گەن مەسىلە ئۈستىدە مۇنازىرە قوزغىلىپتۇ. ھىساممىدىن ئۈن-
چىقماي ئولتۇرۇپتۇ. بىر ھازادىن كېيىن باشلىق:

— ھىساممىدىن، سىزمۇ ئۆز تونۇشىڭىزنى قويۇپ بې-
قىڭ؟ — دەپتىكەن، ھىساممىدىن:

— بۇ ئىنتايىن ئوچۇق گەپ، ھەقىقەتنىڭ ئۆلچىمى
سىزنىڭ سۆزىڭىز، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## پايدا چىقمىسا

بىرسى ھىساممىدىندىن سوراپتۇ:

— جازانىخور جەننەتكە كىرەرمۇ، دوزاققىمۇ؟

ھىساممىدىن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئاۋال جەننەتكە كىرىپ باقىدۇ، ئۇ يەردە پايدا
چىقمىسا ئاندىن دوزاققا كىرىدۇ.

## مۇشۇ بوغۇشۇڭلار!

بىر دەشىرەيتە ھىساممىدىننىڭ چاخچىقىغا چىدىمىغان بىر
يىگىت ئۇنىڭ كانىيىدىن بوغۇپتۇ. ئەھۋالنىڭ چاتاقلىقىنى
بايقىغان ھىساممىدىن دەررۇ سوراپتۇ:

— بۇرادەر، مۇشۇنداق بوغۇۋەسەڭ مەن نەچچە سۇيۇر-
گە چىقىدىكەن.



## ئۇنداق قازانغا مۇنداق چۆمۈچ

دائىم ھەسامىددىننى ئەيتىن ئۇشۇرمەكچى بولۇپلا يۈرىدىغان بىر كىشى چوڭ بىر سورۇندا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن:

— ھەسامىددىن، سېنى ساقچى تۇتۇپ كېتىپتۇ، دەپ ئاڭلىۋىدۇق، قاچان قويۇپ بەردى؟ — دەپ سوراپتۇ.

ھەسامىددىن بەخۇدۇك جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— سېنى قويۇپ بەرگەن كۈنىنىڭ ئەتىسىلا.

## بۇگۈن ئويۇنغا بارمەن

ھىسامىددىن كىچىك ۋاقتىدا كۈندىلا كىنوغا باراتتىكەن. بىر كۈنى كەچتە ئۇ تاماقنى يەپلا تالاغا مېڭىشىغا دادىسى ۋاقىراپتۇ:

— ھاي ھىسامىددىن، سەن نىمانچە ئابدال بولۇپ كەتتىڭ! يەنە كىنوغا بارامسەن؟

— ياق دادا، بۈگۈن ئويۇنغا بارمەن، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىسامىددىن.

## يەر تۇۋىنى ئىككەن

ھىسامىددىن ئۆزىنىڭ ئايرۇپىلانغا ئولتۇرغانلىقىنى باشقىلارغا ماختىنىپ سۆزلەپ بېرىپتۇ:



— ئۇرۇمچىگە ئىككى سائەتتە بېرىپ، قايتقاندا بىر يېرىم سائەتكە قالپايلا غۇلجىغا كېلىۋالدۇق.

— قويساڭا، — دەپتۇ ئاڭلىغۇچىلاردىن بىرى ئىشەن-

مەي، — قايتقاندىمۇ ئىككى سائەت ئۆچمىدۇ؟

ھەسامىددىن گەپتە كەتكۈزۈپ قويغىنىنى بايقاپ دەررۇ:

— سەن نېمىنى بىلەتتىڭ، قايتقاندا يەر توۋنى كىمكەن ئەمەسمۇ؟ — دەپ ئىزاھلاپتۇ.

## لەپەرچە مېڭىش

ھەسامىددىن سەنئەت ئۆمىكىدە ئىشلەپ يۈرگەندە ئۆمەك باشلىقى ئۇنىڭغا چوڭراق رول بەرمەي ئۇششاق لەپەرگە چىقىرىپ قويۇپتۇ. بۇنىڭدىن ھەسامىددىننىڭ بەكمۇ قوسىقى كۆيۈپ يۈرۈپتۇ.

بىر كۈنى ئويۇن قويغىلى يىراق بىر يېزىغا پىيادە كېتىۋېتىپ باشلىق ھەسامىددىنغا چاقچاق قىپتۇ:

— ھەسامىددىن، نىماڭداق تېز ماڭالمايسىز، بىردەم ئالدىغا، بىردەم كەينىگىلا دەسسەيسىزا؟

ھەسامىددىن چاقچاقلىق بىلەن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— مەن ئەسلىدە تېز ماڭاتتىم، سىز ھە دېسىلا لەپەرگە چىقىرىپ قويۇۋېرىپ مۇشۇنداق لەپەرچە مېڭىشقا ئادەتلىنىپ قاپتىمەن.

## ئەپچىللىك

ھەسامىددىن سەنئەتچى ئىكەن، بىر كۈنى ئۇ سەھنىدە بوۋاي رولىنى ئويناۋاتقاندا تۇيۇقسىزلا ياسىما ساقىلى ئۈزۈلۈپ قولىغا چىقىپتۇ. شۇ خەتەرلىك پەيتتە ھەسامىددىن

ھەرھال ئىشنى گەپ بىلەن ئوڭشاپ:

— توۋا، خالايىق كۆردىڭلارمۇ، قېرىغاندا ساقالغىمۇ كۈيە چۈشىدىكەن - ھە!؟ — دەپتۇ - دە، ساقالنى يانچۇققا سېلىپ رولىنى داۋام ئەتكۈزۈۋېرىپتۇ.

## يامان ئىتمۇ بار

بىر نەچچە ئاغىنىسى بىلەن بىر يەردىن قايتىپ، ئۆز ھەرۋازىسى ئالدىغا كەلگەندە ھىسامىدىن ئۇلارنى رەسمىيەت ئۈچۈنلا ئۆيىگە تەكلىپ قىپتۇ.



— ئۆيۈڭگە كىرسەك مېھمان قىلىدىغان نىمەڭ بار ئاغىنە؟ — دەپ سوراپتۇ بىرەيلەن چاخچاق قىلىپ.

— تاۋۇز بار، ئۈزۈم بار، يۇمشاقىنا نانمۇ بار ...،

— ئاغىنىلىرىنىڭ يۇمشاپ قالغانلىغىنى كۆرگەن ھىسامىدىن دەررۇ

سوزىنى يوتكەپتۇ، — باغلاقسىز يامان ئىتمۇ بار، قورقمىساڭلار مەرھەمەت!

## ئىككىنچى قول

ھەسامىددىن ئىشلەيدىغان ئىدارىنىڭ باشلىغىنىڭ ئايالى ھەر دائىم ئۆزى بىلەن تەڭلا باشلىقلىق ئىشلىتىپ، كادىرلارنى بىزار قىپتۇ.

بىر قېتىم باشلىغىنىڭ ئالدىدا بىر كىشى ھەسامىددىندىن سوراپتۇ:

— يولداش، ئىدارەڭلەرنىڭ ئىككىنچى قول باشلىغى كىمكەن؟

ھەسامىددىن قولى بىلەن باشلىق تەرەپنى كورسىتىپ:

— ئىككىنچى قول باشلىق بىزنىڭ شۇجىنىڭ ئايالى! — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ.

## مېھماندوستلۇق

بىر كۈنى ھەسامىددىننىڭ ئۆيىگە ئىككى مېھمان كەپتۇ، ھەسامىددىن ئايالى ۋە ئىككى مېھمان بولۇپ تۆتەيلەن تاماق يېيىشىۋاتقاندا، مېھمانلاردىن بىرى، ئۆزى يېقىندىلا ئايلىنىپ كەلگەن يايلاقنىڭ گېپىگە چۈشۈپتۇ:

— ھەسامىددىنكا، يايلاقتىكى كىشىلەر ئاجايىپ مېھماندوست كېلىدىكەن، سىزدەك، بىزدەك بىرەر مېھمان بېرىپ قالسا، مىسالەنگە، مەن سويىدىكەنمەن بىر قوي، مۇنۇ بۇرا-

دىرىمىز سۈيىدىكەن بىر قوي، سىز سۈيىدىكەنسىز بىر قوي، بۇ ھەدىمىز سۈيىدىكەن بىر قوي...

سۆز شۇ يەرگە كەلگەندە ھىسامىددىن سۆزنى بولۇپتۇ:

— توختاڭ ئۇكام، مەن بىر قوي سۈيگاندىن كېيىن بولدى-دە، ھەدىڭىز يەنە نەنىڭ قويىنى سۈيىدۇ؟

## ئەڭ ياخشى ئىش ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش

رامىزان ئېيىنىڭ بىر ئاخشىمى تامانور ئىمام تەرەۋىدىن قايتىۋېتىپ ھىسامىددىندىن سوراپتۇ:

— ئوغلۇم ھىسامىددىن، بىلەمسەن، دۇنيادا ئەڭ ياخشى ئىش نىمە ۋە ئەڭ يېقىملىق ئىش نىمە؟



ھىسامىددىن ھۆرمەت بىلەن جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— بىلمەمدىغان تەخسىر، ئەڭ ياخشى ئىش — خەقنىڭ جاناپلىرىنى ئىپتارغا چاقىرىشى، ئەڭ يېقىملىق ئىش — ئىپتاردىن يانغاندا زولۇقا يىسىلە، دەپ ئىككى قاتلىمىنى قولتۇقلىرىغا قىستۇرۇپ قويۇشى.

# زەرەتكالىقنى يوتكەش

مەھەللىدىكى يىگىتلەر ئوينىغان قاتار مەشرەپ نىو- ۋىتى مەھەللە ئىمامىنىڭ ئوغلىغا كەپتۇ. شۇ كۈنى ئىمام بىر يەرگە كېتىپ، كەچەك ئويگە قايتقان ئىكەن، ئۇ دەر- ۋازىدىن كىرىشىگە مەشرەپتىكى مەسلەرنى نېرىقى ئويگە يوتكەۋاتقان يىگىتلەرگە كوزى چۈشۈپتۇ. ھەيران بولغان ئىمام:

— ھاي - ھاي، نىمە سەراسىمە بۇ؟ — دەپ ۋاقىراپتۇ.

پىشايۋاندا سالقىنداپ ئولتۇرغان ھىسامىددىن دەررۇ يۈگۈرۈپ ئىمامىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ - دە، ئۇنى خاتىرجەم قىلىپ:

— ھىچگەپ يوق تەخسىر، زەرەتكالىقنى يوتكەۋاتى- دۇ، — دەپتۇ.

## مەلۇمات

بىر مەشرەپتە ھىسامىددىننىڭ چاخچاقلىرىغا قايىل بول- غان بىراۋ ئۇنىڭ مەلۇماتىنى سوراپتۇ:

— بۇرادەر، ئوقۇغانمۇسىز؟

— ئوقۇغان، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىسامىددىن خا- تىرجەم ھالدا.

— نەچچە يىل ئوقۇغان؟

— بىرىنچى سىنىپتا يەتتە يىل ئوقۇغان.

ھىسامىددىننىڭ گېپىگە ھەيران بولغان ھىلىقى كىشى

يەنە سوراپتۇ:

— قايسى دەرسنى ياخشى كۆرەتتىڭىز؟

— تەنەپپۇسنى، — دەپ يەنىلا خاتىرجەم ھالدا جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسام.

## گىلەم ئۇستىسى

ھەسامىددىننىڭ خوتۇنى سوقۇشقاق ئىكەن. بىر كۈنى ھەسامىددىن گىلەمچىلىك كارخانىسىغا كېلىپ كارخانا باشلىقىدىن ئايالىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلتىماس قىپتۇ.

— ئورۇنلاشتۇرۇشقىمۇ بولىدۇ، — دەپتۇ كارخانا باشلىقى، — ئەمما بىر شەرتى بار، ئايالىڭىز گىلەم توقۇشنى ئاز-ياز بىلەمدۇ؟

— ۋاھ، بىلمەمدىغان، — دەپتۇ ھەسامىددىن دەرھاللا، — گىلەم بوياقتا تۇرسۇن، ئائىلىمىزنىمۇ كۈنىگە ئىككى قېتىم بۇزۇپ، ئىككى قېتىم توقۇپ چىقىدۇ.

## ئەپسانىگە جاۋاپ

دائىم ئەپسانە چاخچاق قىلىدىغان بىرسى، ھەسامىددىن قاتناشقان ئولتۇرۇشتىمۇ ئەپسانە چاخچاقلار بىلەن كىشىلەرنىڭ جېنىغا تېگىپتۇ.

شۇ ئارىدا ھەسامىددىننىڭ يېنىدا ئولتۇرغان سازچى دۇتارنى سازلاشقا باشلايتىكەن، دۇتارنىڭ قۇلىقى توختىماي ئاۋارە قىپتۇ. پەيتتىن پايدىلانغان ھېلىقى چاخچاقچى ھە-

سامىدىنغا گەپ تاشلاپتۇ:

— ھەسامىدىن، دۇتارنىڭ قۇلىقىغا بىر تۈكۈرۈپ بېرىـ
ڭا، قۇلاق توختىسۇن.

— جان دەپ تۈكۈرۈپ بېرەتتىم، — دەپتۇ ھەسامىدىن
دەررۇ، — بىراق باياتىن بېرى ئەپسانە چاخچاقلارغا تۈكۈـ
رۈۋېرىپ، زادىلا تۈكۈرۈگۈم قالمىدى.

## ئىشەك ۋە تەخەي

باشقىلارنى كەمسىتىشنىلا ياخشى كورىدىغان بىر مەنـ
مەنچى كىشى ھەسامىدىن بىلەن كوچىدا بىللە كېتىۋېتىپ
ئۇنى زاڭلىق قىلماقچى بوپتۇ:

— ھەسامىدىن، تەخەيدەك ماڭماي تۈز ماڭساڭلار
بولامدۇ؟

ھەسامىدىن دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— سىزگە ئەگىشىپ ماڭغاندىن كېيىن تەخەيدەك ماڭـ
ماي نىمە ئىلاجىم بار؟

## پوچىلىق

مەھەللىدىكى بىر ماختانچاق كىشى ھەسامىدىنغا دارىـ
غىپ پو ئېيتىپتۇ:

— ياھ، ياھ! بايىلا ئۆيدە كېلىشتۈرۈپ پولۇ يەپتىكەنـ
مەن، مەيدەمنى خويما بىارام قىلىۋاتىدۇ دىسە ......

— راست دەيسىز، — دەپتۇ ئۇنىڭ پورىدىن غىجىغى

كەلگەن ھەسامىددىن، — ئايدا ، يىلدا بىرەر قېتىم يىگەچكە شۇنداق قىلىمدۇ. بىزدەك كۈندىلا پولۇ يەپ تۇرسىڭىز ھىچقانداق بولمايتتىڭىز

## ,,زوڭزايۇپ''

بازاردا كېتىۋاتقان ھەسامىددىننى كاۋاپدان ئالدىدا ئېچىشەدەك قىلىپ ئولتۇرغان سولەتلىك ئۈچ مەس توختىتىپتۇ، شۇ ئاردا قاتناش ساقچىسى ئۇلارنى يول تۈۋىسىدىن چەتكە چىقىپ ئولتۇرۇشقا بىر نەچچە قېتىم دەۋەت قىپتۇ. مەسلەر گەپ ئاڭلىمىغاندىن كېيىن ساقچى ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ-دە، ھەر بىرىنىڭ ئىسمىنى سوراشقا باشلاپتۇ:



— مۇسايۇپ ،

— دەپتۇ چوڭ سۆلەت مەسلەردىن بىرى گىدەيگەن ھالدا ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ.

— نۇرتايۇپ ،

— دەپتۇ ئىككىنچىسى.

— مىرزايۇپ،

— دەپتۇ ئۈچىنچىسى.

سورۇنغا ئەمدىلا قېتىلىپ، زوڭزىيىپ ئولتۇرغان پېتى
بىر زىخ كاۋاپنى يەۋاتقان ھېسامىدىن ھەلقى ئۈچەيلەندىنە-
ھۇ ئاشۇرۇپ كەمەيگىنىچە ئۆزىنى تۇتۇشتۇرۇپتۇ:
— مېنىڭ پەمىلەم زوڭزايۇپ.

## ئوشكەمەكمىن دەپتىمەن

بىر مەھەل يىگىتلەرنىڭ «ۋەيت» دەپ كۈلىدىغان
كۈلكىسى ئەۋج ئاپتۇ. كوچىلىك قاتاردا ھېسامىدىنمۇ بۇ
كۈلكىدىن بىزار بوپتۇ. بىر كۈنى كوچىدا بىرنەچچە يىگىت-
نىڭ خۇددى شۇنداق كۈلۈشىپ كېتىۋاتقىنىنى كورگەن ھې-
سامىدىن ئۇزۇن شۇۋىق ئاپتۇ-دە، يىگىتلەرنىڭ ئارقىسىدىن
«چەك-چەك» دەپ ھەيدىگىلى تۇرۇپتۇ. يىگىتلەر بۇ ئەھ-
ۋالدىن ھەيران بولۇشۇپتۇ.
— ھېسامىدىنكا، نىمە بولدىڭىز؟ — دەپتۇ ئۇلاردىن
بىرى.
— ھە، سىلەرمىدىڭلار! — دەپتۇ ھېسامىدىن خۇددى
ئۇلارنى ئەمدىلا كورگەندەك. — مەن تېخى مەرەشلىرىڭلارنى
ئاڭلاپ ئوغلىغىدىن ئايرىلغان ئوشكىلەرمىكىن دەپتىمەن.

## ئايلىنىپ بېرىدىپ تېگىش

ھېسامىدىن ئاغىنىلىرىگە مەرگەنلىكىدىن ماختىنىپ
بېرىپتۇ:
— تۇنۇگۈنكى قاردىغا ئېتىش مەشقىدە بەش ئاتاردا!

ئۈچ پاي ئوقنى قالتىس ئېتىۋەتتىم - دە!
— قانداق تەگدى؟ — دەپ سوراپتۇ بىر ئاغىنىسى.
— بىرىنچى پاي دەل جايىغا تەگدى، ئىككىنچىسىمۇ سەل تۆۋەنرەككە تەگدى، ئۈچىنچىسى ....، — ھەسامىددىن بىردىنلا جىمىپ قاپتۇ.
— خوش ئۈچىنچىسىچۇ؟
ھەسامىددىن ئويلاپ تۇرۇپ:
— ئايلىنىپ بېرىپ ئۇمۇ تەگدى، — دەپتۇ.

## قالغان ئوتتۇز ئۈچى

بىر دودەن يېگىت ھەسامىددىننى يولدا توسۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن بىر مۇشلىشىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ، ھەسام قانچە ياخشى گەپ قىلسىمۇ پايدىسى بولماپتۇ.
— خوپ مەيلى، — دەپتۇ ئەخىر ھەسامىددىن، — قېنى ئەمىسە قانداقچە مۇشلىشىمىز؟
— بىزنىڭ يۇرتتا، — دەپتۇ دودەن، — يېيىشىمىز يەتتە بولىدۇ، ئۇرۇشىمىز يەتتە بولىدۇ، شۇنداق مۇشلىشىمىز.
— بەك ياخشى، — دەپتۇ ھەسامىددىنمۇ تەمتىرىمەي، — بىزنىڭ يۇرتتا يېيىشىمىز تېرىق، ئۇرۇشىمىز قىرىق. يەتتىگە يەتتىسى كەتسە، قالغان ئوتتۇز ئۈچىگە يەشمىتىڭلارنى گورۇڭگە قويامسىلەر؟
دودەننىڭ زۇۋانى تۇتۇلۇپتۇ.

## غالتەك بۇيرۇتۇش

گۈيخۇا پىلانى مۇقىم بولمىغاچقا بەش يىلدا ئۈچ قېتىم

ئۆيى چىقىشقا مەجبۇر بولغان ھېسامىددىن نۇرغۇن پۇلغا ئىل-
تىماس يېزىپ دادۇي شۇجىسىغا ئېلىپ بېرىپتۇ.
— بۇنچە پۇلنى نېمە قىلماقچىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ شۇجى.
— ئۈچ ئېغىز ئۆي پاتقىدەك غالتەك ياساتماقچىمەن، — دەپ-
تۇ ھېسامىددىن جىددىي ھالدا.
— مۇنچە چوڭ غالتەكنى نېمە قىلىسىز؟ — دەپتۇ شۇجى.
— سالغان ئۆيۈم ھەدېسىلا گۈيخۇاغا توغرا كەلمەي، تولا ئۆي چېقىپ ھاردىم، — دەپتۇ ھېسامىددىن، — ئەمدىكى ئۆينى ئاشۇ غالتەككىلا سالاي دەيمەن. گۈيخۇاغا تاقىشىپ قالغىدەك بولسا دەرھال يۆتكەپ ئەكەتمەن.

## ئېڭىشمەڭىز

ھېسامىددىن بازاردا سېتىقچىلىق قىلىپ يۈرگەندە، بىر خېرىدار ئۇنىڭ قولىدىكى چاپاننى ئېلىپ كۆرۈپتۇ ۋە ھەدەپ چاپاندىن ئېۋەن تېپىشقا تىرىشىپتۇ:
— ئۇكا، چاپان كەڭرەكمۇ، نېمە؟
— تازا دەل كەلدى، ئېلىڭ، — دەپتۇ كۆزدىتىپ تۇرغانلار.
— پېشى چاتاغراق ئوخشايدۇ، — خېرىدار چوڭقۇر ئېڭىشىپ-
تۇ، — مانا، مانا، دېمىدىممۇ، پېشى قاچىدىكەن ئەمەسمۇ؟
— قىزىقكەنسىز ئاكا، — دەپتۇ چىڭگىز خېرىدارغا ئىچى پۇش-
قان ھېسام، — ئەلۋەتتە ئۇنداق ئېڭىشسىڭىز، ئىتمۇ قاچىدۇ.

## يېرىم ۋە پۈتۈن دۆلەت

باشقىلارنىڭ ھەققىنى يەپ ئۇيالمايدىغان يالغانچى بىر

ۋەقەتچى كۈنلەرنىڭ بىرىدە ھىسامىددىن بىلەن مال — دۆلەت ھەققىدە پاراڭلىشىپ قاپتۇ.

— ئېيتىڭا ھىسامجان، پۈتۈن دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ؟ يېرىم دۆلەت دېگەن قانداق بولىدۇ؟

گەپكە پەيت كەلگىنىنى سەزگەن ھىسامىددىن دەرھال جاۋاپ بېرىپتۇ:

— قىلمىلىق يېرىم دۆلەت، ئۇنىڭغا يالغانچىلىق قېتىلسا، پۈتۈن دۆلەت بولىدۇ.

## ئىچىدىكىسى

مەدەنىيەت ئىنقىلاۋىدا تەشۋىقات دۈيىدىكىلەر ھىسامىددىندىن مەلۇم بىر ئاغىنىسىنىڭ مەسىلىسىنى كوپ قېتىم سۈرۈشتۈرسىمۇ ھىسام «ھېچنەرسە بىلمەيمەن» دەپ تۇرۇۋاپتۇ.

بىر كۈنى كادىرلاردىن بىرى ئۇنى چاقىرتىپ ئۇزاق ئىدىيىۋى خىزمەت ئىشلەپ ئاندىن يەنە ھېلىقى ئاغىنىسىنىڭ مەسىلىلىرىدىن بىلگىنىنى پاش قىلىشقا زورلاپتۇ.

— زادى نېمىسىنى دەيسىز؟ — دەپ سوراپتۇ ھىسامىددىن چۈشەنمىگەندەك.

— ئاغىنەڭنىڭ ئىچىدىكىنى، دەيمەن، — دەپتۇ كادىر يېقىنراق ئولتۇرۇپ.

— ھە ئەمدى بىلدىم، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — راستىنى ئېيتسام مەن ئۇنى كورگىنىمدە، ئىچىدە تېرە پىنجەك بار ئىكەن.

## جىنلارمۇ قورقىدۇ

چاچلىرىنى پاخپايتىپ، غەلىتە كىيىنىپ يۈرىدىغان يا-

سانچۇق بىر ٴايال، كەچكى يىغىندىن قايتقاندا، ھەسامىددىن‍غا دەيتۇ:

— ھەسامىكا، ٴايىرىپ قويىزگا، يولدا قورقىمەن.

— نىمىدىن قورقىسىز؟

— جىندىن.

ھەسامىددىن جاۋاپ بىرىپتۇ:

— ھىچۋەقەسى يوق، ٴۇكام، كىتىۋىرىڭ، مۇشۇ ئەيتىگىزدىن جىنلارمۇ قورقۇپ قىچىپ كىتىشىدۇ.

## ئەتۇر قوزۇق

ھەسامىددىن ٴىشلەيچىقىرىش دۆيىدە ٴىشلەپ يۈرگەن. مەزگىللىردە دادىسىنىڭ ” بالام، ٴازراق يەر ٴىچىپ قوي، يەر دىگەن ٴالتۇن قوزۇق „ دىگەن مەسلىھەتى بويىچە، تاشلاندۇق شورتاڭدىن كىچىككىنە يەر ٴوزلەشتۇرۇپ، سەي — يەي تىرىپ يۈرگەن ٴىكەن، ” 4 كىشلىك گۇرۇھ „ نىڭ ۋاقتىدا ٴۇنى ” كاپىتالىزىمنىڭ بىيەش يولىدا ماڭغان „ دەپ چوڭ يىغىندا يىپەن قىپتۇ. يىغىندىن كىيىن ھەسامىددىن شەھەرگە دادىسىنىڭ يىنىغا كىرىپتىكەن، ھەسامىنىڭ پەرىشان ھالىنى كۆرگەن دادىسى سوراپتۇ:

— نىمە بولدۇڭ بالام، بىرەر كىلىشمەسلىك بولدىمۇ؟

— نىمە بولاتتى، — دەيتۇ ھەسامىددىن، — يەر دىگەن ٴالتۇن قوزۇق، ٴالتۇن قوزۇقلا دەيتتىڭ، مانا ٴەمدى تەتۇر قوزۇق چىقىپ قالدى، ٴەمەسمۇ!

## سىم سىم قاتتىق

هىسامىدىن تالادىن كىرگەن ئاغىنىسىدىن سوراپتۇ:

— يامغۇر قاتتىق يېغىۋاتامدۇ ياكى سىم — سىممۇ؟

ئاغىنىسى تۇرۇپ كېتىپ:

— نىمە دىسەم بولار، ئەيتاۋۇر قاتتىقمۇ ئەمەس، سىم — سىممۇ ئەمەس يېغىۋاتىدىغۇ، — دەپتۇ.

هىسامىدىن ئاغىنىسىگە كايىغاندەك دەپتۇ:

— گەپنى سوزماي سىم سىم قاتتىق دىسەڭ بولمىدىمۇ!

## سۇ بىلەن كېتەي

تونۇشلىرىغا ئارتۇق نومۇر يېزىپ بەرگىنى ئۈچۈن هىسامىدىن دۈينىڭ نومۇر خاتىرلىگۈچىسىنى يىغىندا تەنقىت قىلغان ئىكەن، يىغىندىن قايتقاندا سەبرا مىجەز نومۇر خاتىرىلىگۈچى ئۇنى ئۈستەڭنىڭ گىرۋىگىدە توسىۋاپتۇ، هىسامىدىننىڭ ياخشى گەپلىرىگە قارىماي، ئۇنىڭغا مۇش تەڭلەپ:

— بۈگۈن قولۇمدىن ئامان قۇتۇلۇپ كەتكىنىڭنى كۆرەي، — دەپتۇ.

كەينىگە داجىغان هىسامىدىن، بايقىماي ئۈستەڭگە يىقىلىپ چۈشۈپتۇ ۋە دەرهال جىدەلنى چاخچاق بىلەن يېپىپتۇ:

— يول بىلەن كەتكىلى بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مەيلى سۇ بىلەن كېتەي.

# چىنىقىش

ھەسامىدىننى گەپتە چۈشۈرەلمىگەن بىر تۈركۈم ياشلار ئۇنى جىلمىل يۈزىگە ئېلىپ چىقىپ بىر «چۈشۈرۈش» نى مەسلىھەتلىشىپتۇ.

بىردەم يولغا بارغاندا، يىگىتلەر ھارۋىنى توختىتىپ ئەدەيكە چۈشۈپتۇ، ھەسامىدىن ئەمدىلا ھارۋىدىن چۈشۈشىگە، باشقىلار سەكرەپ ھارۋىغا چىقىشىپ، ئاتنى چاپتۇرۇپ ھارۋىنى ئېلىپ قېچىپتۇ. ھارۋىنىڭ سۈرئىتىنى بىر تىزلىتىپ، بىر ئاستىلىتىپ، مەنزىلگە يەتكىچە ھەسامىدىننى پىيادە قويۇپتۇ. كېيىن ھەسامىدىنغا چاخچاق قىلىپ، «ھەسامكا، بۈگۈن ئۇزۇنغا يۈگۈرۈشتە بىر چىنىقىۋالدىڭىز-دە» دەپ كۈلۈشۈپتۇ.

شۇ كېچىسى، ئۆرۈك سەيلىسى ۋە مەشرەپتىن چارچىغان يىگىتلەر، ئۆرۈكلۈك باغدىلا ئۇخلاپتۇ. پەيتىنى كۈتكەن ھەسامىدىن ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى يىغىشتۇرۇپ، خوشنا ھويلىدىكى لاپاسنىڭ گىرۋىكىدىن ساڭگىلىتىپ ئېسىپ قويۇپ، شوتىنى ئۆگزىگە تاشلىۋېتىپتۇ.

ئەتىسى ۋاقىتچە ئويغانغان يىگىتلەر ئۆز كىيىملىرىنى لاپاسنىڭ قىرغىقىدا كۆرۈپتۇ، ئۇلار بۇ ھەسامنىڭ ئۆچ ئېلىشى ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسىمۇ، ئارتۇقچە گەپ قىلماي، نۆۋەت بىلەن سەكرىشىپ كىيىمىنى ئالماق بولۇپتۇ. بىراق ھېچقايسىسى كىيىمىنى ئالالمىغاندىن كېيىن، ھەسامىدىنغا دوق قىلىشىپتۇ:

— ھەسامكا، شۇمۇ قىلىق بولدىمۇ؟

ھەسامىدىن خاتىرجەم جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ھېچۋەقەسى يوق، مەن كىيىم بىلەن ئۇزۇنغا يۈگۈرسەم، سىلەر تورسىك بىلەن ئېگىزگە سەكرەپ چىنىقتۇالمىدىغان بولدۇڭلار.

## جەننەت ۋە دوزاق

بىر كىشى ھىسامىدىنغا چاقچاق قىلىپ سوراپتۇ:

— ھىسامىدىن، سىز ئۆلسىڭىز جەننەتكە كىرەرسىزمۇ، دوزاققىمۇ؟

ھىسامىدىن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئەمدى بىز قول ئىلكىمىزدە يوقراق ئادەم بولغاندىكىن، يازدا جەننەتتە تۇرۇپ، قىشنى دوزاقتا ئۆتكۈزىمىزدە!

## گوش قىسچىلىغىنىڭ سەۋەبى

ھىسامىدىن مەلۇم بىر ناھىيىگە بارغاندا بىر نەچچە يەردە قوشقار سوقۇشتۇرغاننى كۆرۈپتۇ. بازارنى ئايلىنىپ يۈرگەندە، بىر تونۇشى ئۇنىڭغا ھال ئېيتىپتۇ:

— بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى ياخشى، بىراق ئۇقالمىدۇق، نىمە ئۈچۈندۇر گوش قىس.

— شۇنىمۇ ئۇقالمىدىڭىزمۇ؟ — دەپتۇ ھىسامىدىن، بۇ يەردە قوينى سويماي سوقۇشتۇرۇپ ئوينايدىكەن ئەمەسمۇ؟

## مەندەك ماڭالمىساڭ ئىچ

بىر كۈنى ھىسامىدىننىڭ ئېشىكىنى كوپ شاگخو قىلمىدىغان

بەش ـ ئالتە ئاغىنىسى ھاراق ئىچىپ جامائەت تەرتىۋىنى بۇزغىنى ئۈچۈن ساقچىغا كىرىپ قاپتۇ.

— ماۋۇنى قويۇۋېتىڭلار، — دەپتۇ مەسلەرنى قاتار تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈۋاتقان بولۇم باشلىقى ھەسامىدىننى تونۇپ قېلىپ، — بۇ ئۆزى شۇنداق ماڭىدىغان نەرسە. قالغانلىرىنى ئۈچ كۈن ئىشلىتىڭلار.

ئۈچ كۈن ئوبدان تەربىيە ئېلىپ چىققان ھېلىقى ئاغىنىلىرى كوچىدا ھەسامنى كۆرۈپ قېلىپ، تەنە قىپتۇ:

— ئاداش، سىلەرمۇ بىزدىن كەم ئىچمىگەن، ئەمما سىلەر قۇتۇلدۇڭلار، بىز تۇتۇلدۇق.

ھەسامىدىن كۈلۈپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئاغىنىلەر، سەنلەرمۇ مەندەك ماڭالىساڭ ئىچىش. بولمىسا بۇنداق ئۈچ كۈندىن تالاي قېتىم ئىشلەيسەن تېخى!

## ئون بىرگە ئۇنۇمايۋاتسا

مەھەللە ئىمامى ھەسامىدىننى سىناپ كۆرمەك ئۈچۈن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ئوغلۇم ھەسامىدىن، تاھارەتتە پەرز نەچچە؟

— ئون بىر، — دېدى ھەسامىدىن تەۋەككەلگىلا.

— دۇرۇس ئەمەس! — ئىمام قاپىغىنى تۈردى.

— بەش دېمەمسىز ھەسامكا، — دەپ ئۆگەتتى ھەسامىدىننىڭ يېنىدا تۇرغان بىر بالا پىچىرلاپ.

ھەسامىدىن بېشىنى چايقىدى.

— نېمە دەيدۇ، ئون بىرگە ئۇنۇمايۋاتسا، بەشكە ئۇنامدۇ؟

# نەق پۇل ۋە نەق تىل

ھىسامىددىن شەھەر گوڭشېسىدىن ناھىيىگە ئالمىشىپ بېرىپ، بىرىنچى يىلىلا خېلى پۇلغا ئىشلەپتۇ. بىراق دۆيجاڭ پۇل يوق، دەپ باھانە كۆرسىتىپ ئۇزۇنغىچە ئۇنىڭ پۇلىنى بەرمەپتۇ. بىر قېتىم ھىسامىددىن تەخسىماتتا ئاشقان پۇلىغا ئىلتىماس يېزىپ كەلسە، دۆيجاڭنىڭ غەزىۋى تۇتۇپ ئۇنىڭغا كايىپ كېتىپتۇ.

ھىسامىددىنمۇ بوش كەلمەي، جاۋاپ قايتۇرۇپتۇ:

— بەللى ئاغىنە، بەللى، بەرمىگەن پۇلۇڭغا مۇنچىۋالا تىللايسەن، نەق پۇل بېرىپ تۇرغان شەھەردىكى دۆيجىڭگىم ھىلىمۇ ئۇرمايتىكەن.

# چەتئەلچە تىللىما

ھىسامىددىن خوتۇنىنىڭ ئۇرۇشقاقلىقى ۋە ياسانچۇقلىقىدىن خوشنىسىغا شىكايەت قىلىپ بېرىپتۇ. شىكايەتنى ئاڭلىغان خوشنىسى ھىسامىددىنغا ئىچ ئاغرىتىپ دەپتۇ:

— خەپ، بۇدا شۇنداق قىلسا مېنىلا چاقىر، سۇۋالۇچنى بارغۇ...

— ئاستاراق، ئاداش، — دەپتۇ ھىسامىددىن خوشنىسىنىڭ كېيىنى بولۇپ.

— ھە، نىمە؟ — ھەيران بوپتۇ خوشنىسى.

— چەتئەلچە تىللىما، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھىسام، —

خوتۇن ئاڭلاپ قالسا، تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىۋالىدۇ.

## يارىنىڭ لېۋى

ھىسامىددىن تۇرۇۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش دۇيىنىڭ دۇيجاڭى ھەر يىلى دىگۇدەك كوللېكتىپ مۈلكىنى بۇزۇپ - چېچىپ، چوڭ يەپ، چوڭ ئىچىدىكەن، يىل ئاخىرىدىكى تەنقىتتە «مەن كەم ئەقىللىق قىلىپ، خاتالىق ئۆتكۈزدۈم، كوچىلىك ياردەم قىلىپ يارىنىڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ ئەكەلدىڭلار، رەخمەت سىلەرگە» دىگەندەك سوزلەر بىلەن ئېغىز ياغلىمىلىق قىلىپ ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋالىدىكەن—دە، يەنە قىلغىلىغىنى قىلىدىكەن.

بىر قېتىملىق تەنقىت يىغىنىدا دۇيجاڭ يەنە كونا ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ:

— ئەمدى كوپچىلىك مەن سىلەرنىڭ پىكرىڭلارنى ئالماي يارىنىڭ لېۋىگە...—دىيىشىگە،

— توختاپ تۇرۇڭا دۇيجاڭ،—دەپتۇ ئۇنىڭ گېپىنى بولۇپ ھىسامىددىن،— بىزنىڭ ۋاقتىمىز ھەر يىلى سىزنى يارنىڭ لېۋىدىن قايتۇرۇپ كېلىش بىلەن ئۆتىۋەرمىسۇن، ياخشىسى، دۇيجاڭلىقنى باشقا بىرسىگە بېرىۋېتىپ، ئۆزىڭىز يارنىڭ لېۋىگە ئۆي سېلىۋېلىڭ.

ھىسامىنىڭ سوزى ھەممە ئەزالارنى كۈلدۈرۈپتۇ، دۇيجاڭنىمۇ قايىل قىپتۇ.

## ,,كوپسەمدىڭ،، دىن بىر كىلو

تاتلىق—تورۇم ئالغىلى ماگىزىنغا كىرگەن ھىسامىددىن

بىرەر سائەتچە سودا قىلالمىدى، پىركازچىك قىزئۇنىڭ جۇۋىشىغىمۇ قۇلاق سالماي باشقا ئىشلار بىلەن مەشغۇل بولۇپ يۈرەتتى.

— ھەي ئۇكام، مۇنۇ پىچىنىدىن بىر كىلو بېرىۋەتسىڭىزچۇ دەيمەن! — ئاخىرقى قېتىمدا ھىسامىدىن جىلى بولۇۋراق چاقىردى.

پىركازچىك قىز يەنىلا بىپەرۋالىق بىلەن جاۋۇلدىدى:

— كوپسىمەڭ دىدىمغۇ!

ھىسامىدىن جەھلى چىققان ھالدا دىدى:

— مەيلى بولمىسا شۇ «كوپسىمەڭ» دىن بولسىمۇ بىر كىلو تارتىڭچۇ، قۇرۇق كەتمەي.

## سوغنىڭ ئەڭ چېكى

ئىنتايىن قوپال ۋە تېرىككەك باشلىقتىن ئىدارە كادىرلىرى بەكمۇ تويۇپتۇ. بىر كۈنى باشلىق ۋە بىر نەچچە كادىرلار كوچىدا بىر يەرگە كېتىۋېتىپ، بىر كادىر ھىسامىدىنغا، بۈگۈنكى سوغدىن شىكايەت قىپتۇ.

— ھىسامىدىن، سوغنىڭ ئەڭ چېكى بۈگۈنكىدىن ئاشماس دەيمەن.

— يوقسۇ، — دەرھال ئېتىراز بىلدۈرۈپتۇ ھىسامىدىن، — سوغنىڭ ئەڭ چېكى بىزنىڭ باشلىقتىن ئاشمايدۇ.

## بىز بارىچە ...

بىر ساتىراچ ھىسامىدىننىڭ چاچ - ساقىلىنى ئېلىۋې-

تىپ، ئۆز كەسىپىنى ماختاپتۇ:

— ئۇكا، مەن سىزگە ئېيتسام، ساتراچلىق دېگەن ھا-
ماندىكى ھۈنەرنىڭ پادىشاسى جۇمۇ. ساتراچ بولغان ئادەم



ئۆلگەندە ئۇدۇل جەن-
نەتكە كىرەرمىش!

ساتراچنىڭ گال ئۇستىرىدا جان قىي-
ينىشىغا پۇتنى چىش-
لەپ چىداپ ئولتۇر-
غان ھىسامىددىن جاۋا-
بەن ئېيتىپتۇ:

— بەللى ئۇس-
تام، ئەمىسە بىز بار-
غىچە جەننەت ساتراچ بىلەن توشۇپ كېتىپ تالادا قال-
دىكەنمىز — دە..

## قايسىنى ماختاشنى بىلەلمەيۋاتىمەن

قەلىمى گاللاق بىر شائىر ھىسامىددىننى ئۆيىگە چاقى-
رىپ ئاپىرىپ ئەللىكتەك تەمسىز شېئىرىنى ئوقۇپ بېرىپ،
كېدەيگەن ھالەتتە ھىسامىددىندىن سوراپتۇ:

— ھىسامىددىن، شېئىرلىرىمنىڭ ئىچىدە سىزگە ئەڭ يا-
رىغىنى قايسى، دەپ بېقىڭا قېنى؟

ھىسامىددىن ئۇزاققىچە گەپ قىلماي ئولتۇرۇپ قاپتۇ.

— ئولتۇرۇپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ ئاخىر شائىر، —



ياكى ياخشى بول-
ماپتىمۇ ؟

— ياقەي، — دەپتۇ شۇ سوئالنى كۈتۈپ تۇرغان ھەسامىدىن، — شەھەرلىرىمىزنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا بولغاچقا قايسىسىنى ماختاپ، قايسىنى قويۇشۇمنى بىلەلمەيۋاتىمەن.

## تاماشا

ھەسامىدىن ئۈرۈمچىگە بارغىنىدا بىر نەچچە ئاغىنىسى ئۇنى بازار ئايلاندۇرىمىز، دەپ كوچىغا ئېلىپ چىقىپتۇ. ئاغىنىلىرى خېلىغىچە كوچىمۇ-كوچا ئايلاندۇرۇپتۇ-يۇ، ھېچقايسىسى ئۇنىڭ قوسىقىدىن خەۋەر ئالماپتۇ. شۇ چاغدا ھېلىقى ئاغىنىلىرىدىن بىرى ئۇنىڭدىن سوراپتۇ:

— قانداغراق ئاغىنە، تاماشا جايىدا بولۇۋاتقاندۇ؟

— چاتاق يوق، — دەپتۇ ھەسامىدىن دەررۇ، — ئاغىنىلەر سەرخىل، قىلىشىمىز تاماشا، يېيىشىمىز ھاۋا.

1

# ھەسەمدىننىڭ ئىلغار قاسساپ سايلىشى

بىر قېتىم ھەسەمدىن ئىشلەيدىغان يېمەكلىكلەر شىركىتىدە ئىلغار قاسساپلارنى سايلاش يىغىنى ئېچىلغانىدى. ھەسەمدىن پىكىر بايان قىپتۇ:

— مېنىڭچە ھېزىم قاسساپ "3 تە ياخشى" قاسساپ بولۇشقا لايىق.

— قېنى، ھېزىم قاسساپنىڭ بۇ جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىنى ساناپ كۆرسىتىڭچۇ؟ — دەپتۇ يىغىن باشقۇرغۇچى.



ھەسەمدىن بىر - بىرلەپ ساناشقا باشلاپتۇ:

— بىرىنچى، ھېزىم قاسساپ خېرىدارنى كۆپ ساقلات-

مايدۇ، ئەگەر ئۇ خېرىدار تونۇش - بىلىشلا بولسا؛ ئىككىنـ
چى ئالاھىدىلىگى، كەسپكە ماھىر، يەنى بىر قىرىنى بىر يېـ
رىم قوي قىلىپ ساتالايدۇ. ئۈچىنچى ئالاھىدىلىگى، ئۇ داـ
ئىم خېرىدارنى ئاسرايدۇ، يەنى يۈرەك كېسىلى پەيدا قىلـ
مىسۇن دەپ سېمىز گوشنى ھەرگىز ئاممىغا بەرمەي ئۆزى
بىر تەرەپ قىلىدۇ. مانا بۇ ھىچكىمدە يوق 3 شەرت ئەمـ
ەسمۇ؟

## ئوبدان مەسلىھەت

ھىساممىدىننىڭ خوتۇنى جىلىخور ئايال بولۇپ ھەدىسىلا سوقۇشۇپ، ياقىسىغا ئېسىلىدىكەن.

بىر كۈنى ئايالى ھىساممىدىنغا كوينەك تىكىپ بەرمەك بولۇپ، ئۆزىنىڭ بويى، يېڭىنى ئۆلچەشكە باشلاپتۇ. ئۆلچەش بويىنغا كەلگەندە، ھىساممىدىن دەررۇ ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ.

— بولدى خوتۇن، ياقىنى ئۆلچەپ ئاۋارە بولما.

— ھوي نىمىشقا ؟ — ھەيران بوپتۇ خوتۇنى.

— ياقىسىنى خالىغانچە كىچىك تىكىۋەر، — دەپتۇ ھىساممىدىن پەرۋاسىزلا، — ئىككىلا قېتىم سوقۇشساق سوزۇپ جايىغا كەلتۈرۈپ قويىسەن.

## ,,ھايت،، دەپ قويدۇم

ھىساممىدىننىڭ تۇققانلىرىدىن بىرسى ۋاپات بولغاندا، ھىساممىدىنمۇ ھازىدارلار قاتارى ئاق باغلاپ، جىنازىنىڭ ئالـ

دىدا مىڭىپتۇ. ئۇ ئەترابقا قارىماي يىغلاپ مېڭىۋېرىپ، باش-
قىلاردىن ئۆزاپ كېتىپتۇ ۋە دۈچ كەلگەن بىر كوچىغا بۇرۇلۇپتۇ.
خېلى مېڭىپ قارىسا، بۇ بىر خالتا كوچا ئىكەن. ھەسامىددىن
دەررۇ كەينىگە قايتىپ، ھاسىراپ يۈگۈرگىنىچە، جىنازىغا يې-
تىشىۋاپتۇ — دە، قايتا يىغا باشلاپتۇ، شۇ پەيتتە:

— ھازىدا تۇرۇپ نەگە يوقالدىڭ؟ — دەپتۇ تۇغقان-
لاردىن بىرسى.

— يوقالمىدىم، — دەپتۇ ھەسامىددىن يىغىدىن توختى-
ماي، — ئاۋۇ مەھەللىدىكى مۇسىبەتتىن خەۋەرسىز تۇغقانلار-
نى «ھايت» دەپ قويۇپ كەلدىم.

## كەكلىك ئوۋلاش

بىر كۈنى ھەسامىددىن ياش يىگىتلەرگە ئۆزىنىڭ ئوۋغا
چىققىنى ھەققىدە ماختىنىپتۇ:

— بايتوقايغا ئوۋغا چىققان ئىدىم، قوشئاتارنى بەتلى-
دىم-دە، چوپلۇك ئارىسى بىلەن سىلجىپ كەكلىك بار جاي-
غا يەتتىم. قارىسام تۈزلەڭدە كەكلىك دىگىنىڭ يېيىلىپ دان-
لاپ يۈرۈشۈپتۇ. چەت-چېتىگە چالما ئېتىپ جىمى كەكلىك-
نى بىر يەرگە يىغدىم — دە، «گۈملا» سالدىم ... ، — ھەسا-
مىددىن سۆزلەۋېتىپ يىگىتلەرنىڭ ئىشەنمەي كۈلۈشۈۋاتقىنىنى
بايقاپتۇ — دە، دەررۇ گېپىنى ئۇڭشاپ، — «گۈملا» قىلغان
ئاۋازنى ئاڭلاپ ھەممە كەكلىك موكلا ياتتى، ئوق كەكلىك-
لەرنىڭ ئۈستىدىن ۋىڭڭىدە ئۆتۈپ كەتتى ... شۇنداق قى-
لىپ ئوۋدىن قۇرۇق قول قايتتىم، — دەپ ھېكايىسىنى تۈگىتىپتۇ.

## قوڭغۇرىقى چىرىڭلىمىغان بىلەن

هىسامىددىن بازاردا ئايلىنىپ يۈرۈپ بىر ۋەلسىپىت سودىسىغا دۈچ كېلىپ قاپتۇ. دەللال جىقراق چاي پۇلى ئېلىش نىيىتىدە كونىراپ كەتكەن ۋەلسىپىتنى يالغاندىن ماختاشقا باشلاپتۇ. ئالغۇچى ۋەلسىپىتنىڭ قوڭغۇرىقىنى ئۇرۇپ كۆرۈپ:

— قوڭغۇرىقى چىرىڭلىمايدىكەنغۇ؟ — دەپ سوراپتۇ.

شالاقشىپ كەتكەن ۋەلسىپىتنى قىممەت باھادا ساتماقچى بولغان دەللالغا غەزەپلىنىپ تۇرغان هىسامىددىن گەپكە ئارىلىشىپ:

— ئوبدانراق قاراڭ ئاكا، — دەپتۇ ئالغۇچىغا، — قوڭغۇرىقى چىرىڭلىمىغان بىلەن باشقا يېرى چىرىڭلاپ تۇرمامدۇ.

## ئىشەك — هارۋا سېتىش

هىسامىددىن ئۆزى ئىشلىتىپ يۈرگەن ئىشەك هارۋىسىنى ساتماقچى بولۇپ بازارغا ئاپىرىپتۇ. بىر ئالغۇچى ئىشەك — هارۋىنى ئەرزەن ئېلىۋېلىشنىڭ قازىنىنى ئېيسىپ، «هارۋاڭنىڭ ئىچ كامىرى كونا ئوخشايدۇ» — دەپتۇ.

هىسامىددىن دەررۇ چاقنى چۇۋۇپ كورسىتىپتۇ. چاقتىن قۇسۇر چىقىرالمىغان ئالغۇچى يەنە باھانە كورسىتىپتۇ:

— هارۋاڭ ياخشى بولغان بىلەن، ئىشىكىڭ ناچار تۇرمامدۇ.

— سودىنى قىلىۋېرىڭ، — دەيتۇ ھېسامىددىن، — خالىسىڭىز ئېشەكنىمۇ چۈۋۈپ كۆرسىتىمەن.

## قەي دورىسى

بىراۋ ھېسامىددىندىن سوراپتۇ:

— مىجەزىم بولماستىن تېۋىپقا بارسام، ئۇ ماڭا قەي قىلىشنى بۇيرۇۋىدى، قانداق قىلسام بولار؟

— بۇنىڭ چارىسى ئوڭاي، — دەيتۇ ھېسامىددىن. — ھازىر دوختۇرخانىغا بېرىپ ئوكۇل سالغۇزۇڭ. ئوكۇلنى شۇنداق ئۆرىدىغان سېستىرالار باركى، دەرھال قەي قىلىۋېتىسىز.

## پوچىغا جاۋاپ

ئومرىدە مىلتىق تۇتۇپ باقمىغان بىر پوچى كىشىلەرگە پو ئېتىپ بېرىپتۇ:

— بىز ھەربى بولغاندا، يامغۇردەك ئوق يېغىپ تۇرغان جەڭلەرگە قاتناشقانمىز. بىر كۈنى كېچىسى كېتىپ بارسام بىر ئوق ئوت بولۇپ يېنىپ ۋىڭىلداپ كەلدى - دە، ماڭلىيىمغا تەگدى جۇمۇ! ھېلىمۇ ياخشى، بېشىمدا بولات قالپاق بار ئىدى، قاڭقىپ تامغا تەگدى...

— توغرا دەيسىز، — دەيتۇ توپ ئىچىدە ئاڭلاپ تۇرغان ھېسامىددىن گەپنى بولۇپ، — سىز دېگەن شۇ ئوقنىڭ ئوتىدا، مەن تاماكا تۇتاشتۇرۇۋالغان ئىدىم.

گەپنىڭ مەنىسىگە يەتكەن پوچى قايتا ئۈن چىقارماپتۇ.

# ھۈنەرنى قوشۇپ ساتسىڭىز

ھەسامىددىن بىر ياغاچچىغا شاگىرتلىققا كىرگەن ئىكەن، ئۇستا ھەسامىددىننى تاشقارقى دۇكاندا ئۇششاق ئىشلارغا سىلىپ قويۇپتۇ — دە، ئۆزى ئىچكەركى دۇكاندا ئىشلەپ، ھۈنەر ئۈگىتىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ھۈنىرىنى كورسىتىپمۇ قويماپتۇ. بىر قىتىم ھەسامىددىن ئىچكەركى دۇكانغا كىردىشىگە ئۇستىسى ئادىتى بويىچە ئىشنى دەررۇ توختىتىپ، قولىدىكى رەندىسىنىڭ تىغىنى چىقىرىپتۇ ۋە:

— ھەسامجان ئىنىم، مۇشۇ تىغ تولا بەلەن جۇمۇ، بازارغا ئىپچىقسام قەدرىنى بىلىپ، ئون تەڭگىگە ئالارمۇ ياكى ئۈچ — تۆرت تەڭگىگە سوراپ ئادەمنى ئوسال قىلارمۇ؟ — دەپتۇ.

ھۈنەر بەرمەس بېخىل ئۇستىدىن ئىچى پۇشقان ھەسامىددىن دەررۇ جاۋاپ ياندۇرۇپتۇ:

— ھۈنىرى بىلەن قوشۇپ ساتسىڭىز ئون تەڭگىدىنمۇ ئاشۇرۇپ ئالىدۇ.

# ئالاھىدىلىك

ھەسامىددىن يىراق بىر ناھىيىگە چىققىنىدا ھەر كۈنى ناۋايدىن نان ئېلىپ يەيدىكەن. بىراق ئۇنىڭ باشقا يۇرتلۇق ئىكەنلىكىنى بايقىغان ناۋاي ھەر قېتىم ئېقىپ پىشقان نانىنىلا بېرىپتۇ. ھەسامىددىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خوشنىسى

ئۈنىڭدىن سوراپتۇ:

— ھىساممىدىن، بارغان يېرىڭىزنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكى بار ئىكەن؟

ھىساممىدىن دەپتۇ:

— ئەڭ چوڭ ئالاھىدىلىگى — نانىنى سوزۇق ياقىدىكەن.

## يەنە بىر ئىشەك

بىر بەگكە ئادەم ئىككى ئىشەككە ئالما قاچىلانغان داڭگاك ئارتىپ يىراق بازارغا مېڭىپتۇ. ئۇ يولدا چېكىپ، كەيىپ بولۇپ قاپتۇ-دە، بىر ئىشەگى كوزىگە ئىككى كورۇنۇپ، بىر ئىشەگىنى يولدا قالدۇرۇپ كېتىپتۇ. بازارغا كىرگەندە خەقلەر ئولىشىپ ئالمىنى سودىلاشقىلى تۇرۇپتۇ.



— ئالمىنىڭ تۇرۇشى نەچچە پۇل؟

— ئىككى ئىشەكتىكى ئالما ئەللىك سوم، — دەپتۇ بەگگە.

— نەدىكى ئىككى ئىشەك، بىرغۇ؟ — خەقلەر ھەيران بولۇشۇپتۇ.

بەگگە كەيىپلىكتە ئىشىگىم ئىككى، دەپ چىڭ تۇرۇۋېتۇ-

— ئېشىكىڭ ئىككى بولسا، قېنى ئېشەكلىرىڭنىڭ بېشىدىن تۇتۇپ ساناپ باقە! — دەپتۇ خېرىدارلارنىڭ بىرسى.

بەڭگە بىر قولىدا ئېشىكىنىڭ بېشىنى تۇتۇپتۇ، يەنە بىر قولىغا ھېچنىمە ئۇرۇنماپتۇ. باياتىن تاماشىغا قاراپ تۇرغان ھەسامىدىن بەڭگىنىڭ يەنە بىر قولى بىلەن بەڭگىنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىنى تۇتقۇزۇپتۇ — دە:

— مانا يەنە بىر ئېشەكنىڭ بېشى، — دەپتۇ.

## پەندىيات

ھەسامىدىن مەلۇم ئىدارە باشلىقىنىڭ خادىمىنى ھەيدەپ يۈرگەن كۈنلەردە، باشلىق زىياپەتكە بېرىپتۇ — دە، ئادىتى بويىچە ھەسامىدىننى سىرتتا قويۇپ، ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىچە، ئۇنىڭ ھالىدىن خەۋەرمۇ ئېلىپ قويماپتۇ. يېرىم كېچە بولغاندا، باشلىق شىر كەيپ ھالدا چىقىپ كەپتۇ — دە، قوساقلىرى ئېچىپ تارتىشىپ سوغدا تىترەپ ئولتۇرغان ھەسامىدىندىن سوراپتۇ:

— ئۇكا، بىر نەرسە يېدىڭمۇ؟

— يېمەمدىغان، تويغىچە يېدىم، — دەپتۇ ھەسامىدىن زەردە بىلەن.

— نىمە يېدىڭ؟ — ئەزۋەيلەپ سوراپتۇ باشلىق.

— سىزدەك باشلىقنىڭ خادىمىنى ھەيدىمەسلىككە پەندىيات يېدىم، — دەپتۇ ھەسامىدىن.

## تويدا يەيمىز دىگەنغۇ

— ھەسامىدىن كىچىك ۋاقتىدا ئانىسى ئۇنى تويغا

بىللە ئېلىپ بېرىپتۇ. ھەسامىدىن ھەدىسىلا داستىخاندىكى مەزەلەرنى كورسىتىپ:

— ئاپا،ئاۋۇنىڭدىن، ئاپا، ماۋۇنىڭدىن، — دەپ قەغىش قىلىۋېرىپتۇ.

— خەقنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلغان ئانىسى چاندۇرماي يېنىدىكى ئايالغا دەپتۇ:

— بىلالا دېگەن قىزىقتە، ئۆيدىغۇ كەمپىت بەرسەمۇ يېمەيدىغان...

ھەسامىدىن دەررۇ ئانىسىنىڭ گېپىنى بولۇپتۇ:

— نەدە، ئۆزەڭ توپىغا بارغاندا يەيمىز دېگەنتىڭغۇ!

## لويىلىنىڭ پۇلى

ھەسامىدىن باققاللىق قىلغان مەزگىللىرىدە، چوڭ باققاللاردىن ھېۋەئېلىپ، پارچە ساتاتتىكەن. بىر باققال ھەسامىدىننى بوزەك قىلىپ، بىرنەچچە قېتىم سىۋەتتىنىڭ يېرىمىغىچە لويىلا كوكات سېلىپ، ئالمىنى جىق كورسىتىپ ئوتكۈزۈۋېتىپتۇ. پۇل تولىگەن چاغدا، ھەسامىدىن پۇلىنىڭ ئارىسىغا ئاقەغەز سېلىپ قېلىنلىتىپ باققالغا بېرىپتۇ.



پۇلنى ساناپ كورگەن باققالنىڭ تەرپى تۇرۇلۇپ:
—ھىسامىددىن، مۇنۇڭغۇ ئالمىنىڭ پۇلى، ئەمدى مۇنۇسى نىمىنىڭ پۇلى؟— دەپتۇ ئاق قەغەزلەرنى كورسىتىپ.
ھىسامىددىن، دەررۇ جاۋاپ بېرىپتۇ:
—چۇشەنمەسلىك بولمىسۇن، ئاكا، ئۇ ئويلىنىنىڭ پۇلى.

## كوڭۇلگە يارىدشا قىلىق

بىر يولسىز كىشى ھىسامىددىننى بىكاردىن ھاقارەت قىلىپ، ئارقىدىن يەنە «كوزۇڭنى ئاچ» دەپتۇ. ھىسامىددىن بولسا دەررۇ كوزىنى يۇمۇپتۇ.
— بۇ نىمە قىلىق؟ — ھىلىقى كىشى ھەيران بوپتۇ.
— كوڭلىڭىزگە يارىدشا قىلىق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھىسامىددىن، — ئوچۇق كوزۇمنى يۇمۇق ھىساپلىغاندىن كېيىن يۇمغۇنۇمنى ئاچتى، دەپ بىلەرسىز.

## ئويلىدىكىسىمۇ يېتەر

ئايىلى بىلەن جاڭجاللىشىپ كوڭۇلسىز ھالدا كوچىغا چىققان ھىسامىددىنغا بىر ئاغىنىسى دەپتۇ:
— يېڭى كىنو كەپتۇ دېيىشىدۇ، كورۇپ كەلمەيمىزمۇ؟
— قانداق كىنوكەن؟
— بەكمۇ ئىچىنىشلىق ئىكەن، كورگەن كىشى نەچچە كۇنگىچە كوڭۇلسىز يۇرىدۇ، دېيىشىدۇ.
— ئوزەڭ كور، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — كوڭۇلسىزلىكنى

بۇلغا ئېلىپ نېمە قىلاي، ئۆيدىكى كۆڭۈلسىزلىكمۇ يېتىپ ئاشىدۇ.

## تەقسىمات

ھەسامىدىن ئىشلەيدىغان دۇيىنىڭ دۇيجاڭى ئالدىراقسان، تېرىككەك ئادەم بولۇپ، دائىم ئەزالارغا ئازار بېرىدىكەن. بىر كۈنى ئەرزىمەس ئىش ئۈچۈن ھەسامىدىنىمۇ بىرنەچچە ئۇرۇۋېتىپتۇ.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گۇڭشې مۇدىرى ۋە دۇيجاڭلار يىغىلغان بىر سورۇندا گۇڭشې مۇدىرى ھەسامىدىندىن سوراپتۇ:

— ھەسامىدىن، بۇ يىل دۇيىڭلارنىڭ تەقسىماتى قانداقراق بولىدىغاندەك تۇرىدۇ؟

— بۇيىلقى تەقسىماتقا كەپ ئىشلىمەيدىغان ئوخشايدۇ — جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسامىدىن.

— ھە، ھە، نېمىگە قاراپ شۇنداق دەيسىز؟

ھەسامىدىن تېرىككەك دۇيجاڭغا قاراپ قويۇپ دەپتۇ:

— ھەلىتىنلا تەقسىماتىمىز ئىككى شاپىلاق بىرمۇشتىن چۈشۈۋاتسا، يىل ئاخىرىغىچە ئۇنىڭغا نېمە يېتىدۇ دەيسىز.

## „نېرى تۇردى ۋە بېرى كەلدى“

جۇسادۇي خادىملىرى ھەسامىدىننى ھايانكەشلىكتە ئەيىپلەپ ئىدارىسىگە ئېلىپ كەپتۇ. يالىدىن ئىچى كۆيگەن

ھەسامىددىن ئۆز خوشنىسىنىڭ جۇسادۇي ئىدارىسىدە تەرجىمان-
لىق قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپتۇ ۋە:
— مېنىڭ قانداق ئادەملىكىمنى بىلمەيسىز، بۇلارغا بىر
نىمە دەپ قويۇڭ، — دەپتۇ. خوشنىسى بولسا ئۇنى تونۇماس-
لىقتا سېلىپ ھەسامىددىننى ئىتتىرىپ:
— نېرى تۇرىلى، نېرى، — دەپتۇ.
ھەسامىددىن ئاچچىقى بىلەن:
— ئاخشام شاپتۇل كۆتۈرۈپ كېتىۋاتسام، بېرى كېلىڭ-
لى، بېرى دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ — دەپتۇ خوشنىسىغا.

## كالىڭنى ئەكىلىپ بېرىپ...

«4 كىشىلىك گۇرۇھ» زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان مەز-
گىللەردە ھەسامىددىن تۇرغان ئىشلەپچىقىرىش دۈيى ھوكۇ-
مەتىمىزلىك تەسىرىدىن ئارقىغا چېكىنىپ كېتىپتۇ. كۈزلۈك
تەقسىمات ۋاقتىدا خوشنىسى ھەسامىددىندىن سوراپتۇ:
— خوشنام، تەقسىماتىڭىز قانداق بوپتۇ، كۆردىڭىزمۇ؟
— بايا دۈيجاڭ بىلەن كۆرۈشتۇم، — دەپتۇ ھەسامىددىن، —
كالاڭنى ئەكىلىپ بېرىپ، تەقسىماتنى ئەپكەت دەيدۇ.

## „...ئولتۇرمىغان يېرى قالمىدى“

ھەسامىددىن ئالاقىچىلىق خىزمىتى ئىشلەۋاتقان گۇڭشې-
غا تەۋە بىر دۈينىڭ دۈيجاڭى ھەر قېتىمقى مەجلىستە „بۇ
يىل دۈيگە بارىدىغان يولنى قالتىس ياسىۋالدۇق-تە، ئاسفا-

لىت بىكار قالسۇن» دەپ ماختىنىدىكەن.

بىر قېتىم گۈڭشې مۇدىرى بىلەن ھەسامىدىن تىراكتۇرغا ئولتۇرۇپ شۇ دۆيگە بېرىشقا توغرا كەپتۇ. ئۇلارنى قارشى ئېلىپ ئالدىغا چىققان دۆيجاڭ يەنىلا يولنى ماختاپتۇ:

— قانداق، يولىمىز قالتىسمىكەن؟...

تېخىچە بىلىنى رۇسلىيالمايۋاتقان گۈڭشې مۇدىرىنىڭ ئورنىدا ھەسامىدىن جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ماختانغىچىلىغى بار ئىكەن، يېتىپ كەلگىچە كوزۇينىڭ بىز ئولتۇرمىغان يېرى قالمىدى.

## ئوزەڭ نىمە دىگەن

ھەسامىدىن بىر نەچچە قېتىم ئۆيگە كەچ قايتقىنىدا، تامدىن ئارتىلىپ چۈشۈپتىكەن، ئانىسىنىڭ ئاچچىغى كېلىپ:

— تامنى شور قىلغىچە، دەرۋازىنى قاقساڭ مەن ئېچىپ بەرمەيمەنمۇ؟ — دەپتۇ.

بىر كۈنلىرى ھەسامىدىنلارنىڭ ھويلا تېمىدىن بىر نەچچەسى ئورۇلۇپ چۈشۈپتۇ. يېرىم كېچىدە ئۆيگە قايتقان ھەسامىدىن ئادىتى بويىچە دەرۋازىنى قېقىپتۇ. دەرۋازا ئاچىقىلى چىققان ئانىسى تېرىكىپتۇ:

— تامنىڭ ئۆرۈكلىگىنى بىلگەنىدىن كېيىن، ئادەمنى ئاۋارە قىلماي شۇ يەردىن كىرىۋەسەڭ بولمامدۇ؟!

— ئوزەڭ دەرۋازا قاققىن دىمىگەنمىدىڭ، — دەپتۇ ھەسامىدىن.

# قوش سالام

ھىسامىددىنلارنىڭ مەھەللىسىدىكى ئىككى يىگىتنىڭ بىرسى ھەربىي، يەنە بىرسى ئوقۇشقا كېتىپ، يازلىقى ئۇلار تەڭلا دەم ئېلىشقا كەپتۇدە، كەچتە ھىسامىددىن بىلەن كۆرۈشكىلى كىرىپتۇ.

ئىشىكتىن تەڭلا كىرىپ كېلىۋاتقان يىگىتلەرنى كۆرگەن ھىسامىددىن ئورنىدىن تاق تۇرۇپ، بىر قولىنى چېكىسىگە ئاپىرىپ، يەنە بىر قولىنى كۆكسىگە قويۇپتۇ.

— بۇ قانداق سالام، ھىسامكا؟ — دەپ سوراپتۇ يىگىتلەر ھەيران بولۇپ.

— قوش سالام، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — قارىسام بىرسىڭلار ھەربىي، بىرسىڭلار زىيالىي ئىكەنسىلەر، ئىككىڭلارنىڭ سالىمىنى بىراقلا تۆكىتەي دېدىم.

# زىيان قىلىدۇ ۋە پايدا قىلىدۇ

بىژ - بىژ ئىسسىقتا ئوغلى بىلەن شەھەرگە كېلىۋاتقان ھىسامىددىن يولدا بىر سومكا ئالما سېتىۋاپتۇ. ئۇسساپ كەتكەن ئوغلى سومكىدىن بىر تال ئالمىنى ئاپتىكەن، ھىسامىددىن دەرھال:

— قوي بالام، ئىسسىقتا ئالما زىيان قىلىدۇ، — دەپ ئالمىنى سومكىغا سېلىپ قويۇپتۇ.

ئازراق ماڭغاندىن كېيىن ئۇلار ئالما قاچىلانغان

بىر ماشىنىغا ئولتۇرۇۋېلىشقا مۇۋەپپەق بولۇپتۇ. ھەسامىددىن تاللاپ تۇرۇپ بىر ئالمىنى ئاپتۇ-دە، ۋارسىدە چىشلەپ، ئوغلىغا دەپتۇ:

— يە بالام، يازدا يەل-يېمىش پايدا قىلىدۇ.

## دوكلاتنىڭ تەسىرى

سوز خۇمارى دۇيجاڭ ئېتىزدا ئىشنى توختىتىپ ئەزالارنى يىغىپ بىر سائەتتىن ئوشۇق سوزلەپتۇ. يىغىندىن كېيىن، دۇيجاڭ ھەسامىنىڭ يېنىغا كېلىپ سوراپتۇ:

— ھەسامىددىن، مەجلىستىكى سوزۇمنىڭ تەسىرى بولدىمۇ. قانداق؟

— بولمامدىغان، — دەپتۇ ھەسامىددىن، — تازا مۇھىم نەرسىگە تەسىرى بولدى.

— نىمىگە؟

— ۋاقىتقا، — دەپتۇ ھەسام.

## قىرىق سۈيۈمگە

سوغاقتا كوكىرىپ-موزلاپ كېلىۋاتقان ھەسامنى كورگەن ئىككى ئارتىست ئايال ئۇنىڭغا چاخچاق قىپتۇ.

— ھەسامكا، نىمانچە كوكىرىپ كەتتىڭىز؟

ھەسام ئوز جاۋابى بىلەن ئۇلارنى كۇلدۇرۇۋېتىپتۇ:

— سەپسالمىغان ئىكەنسىلەر — دە، مەن ئەزەلدىن شۇنداق، ئاپام قىرىق سۈيۈمگە سېلىۋەتكەن ئىكەن.

# كەم نومۇر

قابىلىيەتسىز بولسىمۇ ئاۋازىنى بەك ماختايدىغان بىر ناخشىچى ھەمسامغا دەرت تۆكۈپ بېرىپتۇ:

— قارا، كېلىشمەسلىكنى، ئۆمەكتىكى باشلىقلار مېنىڭ



تالانتىمنى زادىلا كۆرەلمەيدۇ، بۈگۈن ئاۋازنى سىناپ دەرىجە بېكىتىلىش بولغان ئىدى، نومۇرۇم تەلەپكە يېتەلمەي قالدى...

ھەمسام كۆيۈنگەن ھالدا مەسلىھەت بېرىپتۇ:

— كىچىككىنىزدە مەكتەپتە ئالغان نومۇرلارىيوقمىدى، شۇلارنى قوشۇپ بىراقلا تەلەپتىن ئاشۇرۇۋەتمەمسىز.

## ۋېيرما قالدۇ

قويچىلىق فېرمىسىغا يېڭىدىن كەلگەن باشلىق دۆلەت مۈلكىنى ھەدەپ بۇزۇپ - چېچىپ، بىر يىلغا يەتمەيلا قوي-

لارنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنى يوقىتىۋېتىپتۇ. ئامىدىن ئىن-
كاس تاپشۇرۇۋالغان ناھىيە رەھبەرلىرى فېرمىغا كېلىپ چوڭ
يىغىندا ھېلىقى باشلىقتىن ھېساپ ئاپتۇ.



— ئېيتىڭا — دەپ، سوئال قويدى نا-ھىيىدىن كەلگەن رەھبەرلەردىن بىرى، — بىر يىلدىلا شۇنچىلا قويغا زىيان سالپىمىز، كېلەر يىلى قالغان قويىنىمۇ يە-ۋەتسىڭىز نىمە قا-لىدۇ؟

جاۋابكار زو-ۋان سۆرمەپتۇ، يى-غىنغا قاتناشقان ھې-سامىدىن ئۇنىڭ ئور-نىغا جاۋاپ بېرىپتۇ:

— قويلارنى يەۋەتسە نىمە قالاتتى، فېرما قالىدۇ.

## تويمۇغۇرغا جاۋاپ

خەقنىڭ نەرسىسىنى ئۆزىنىڭ قىلىۋېلىشقا ئامراق بىر ·
كىشى ھېسامىدىن سورىدى:

— ھېسامىدىن، ئەگەر ئالدىڭىزدىكى مۇشۇ باغنى بىر-

ۋەر كىشى بىلەن بولۇشىۋال دېسە، قايسى يېقىنى ئالار ئى-
دىڭىز؟ كۈن چىقىشتىكى تەرىپىنىمۇ ياكى كۈن پېتىشتىكى
يېگىدىن باغ قىلىنغان تەرىپىنىمۇ"
ھىسام جاۋاپ بېرىپتۇ:
— ئەگەر شىرىكلىشىدىغان ئادەم سىز بولسىڭىز، ئىككىلا
تەرىپىنى ئالاتتىم، شىرىگىم سىزدىن بولەك كىشى بولسا ئىككىلا
تەرىپىنى شۇنىڭغا بېرىۋېتەتتىم.

## گۇۋاچى

بىر ئاغىنىسى ھىسامغا نەرسە ئەكىلىپ بېرىدىغانلىقى-
نى ئېيتىپ بىر نەچچە قېتىم يول ئېلىپ، نەرسىسىنىمۇ، يو-
لىنىمۇ يەۋەتتى. ھىسامىمۇ يولنى سوراپ ئېلىشقا پېتىنالا-
ماي ئەلىمىنى يۇتۇپ يۈرۈۋەردى. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ
ئاغىنىسى چىرايى بۇزارغان ھالدا ھىسامنىڭكىگە كەلدى-دە:
— ئاغىنە، مېنى ساقچىلار: سەن ئالدامچىسەن، مەسى-
لەڭنى تاپشۇر، دەۋاتىدۇ. سەن گۇۋالىقتىن ئۆتۈپ مېنى بۇ
پالاكەتتىن قۇتقازساڭچۇ. مېنىڭ زادىلا يالغان گەپ قىل-
مايدىغانلىقىمنى سەن بىلىسەنغۇ،— دەپ يالۋۇرغىلى تۇرۇپتۇ.
— ئەلۋەتتە بىلىمەن،— دەپتۇ ھىسام ئۇنىڭ گېپىنى
بولۇپ، - شۇڭلاشقا سېنىڭ گېپىڭنى نەچچە قېتىم يولغا
سېتىۋالدىم ئەمەسمۇ!

## ئىشىكنىڭ ئېچىلىشى

ھىسامنىڭ ئايالى ھەر كۈنى كەچلىكى ئېرىنىڭ بازار-

دا ئوقەت قىلىپ تاپقان پۇللىرىنى ئېلىۋالىدىكەن، بىر كۈ-
نى ھەسام بازاردا تۆت سوم پۇل تېپىپتۇ. كەچتە ئۆيىگە
قايتقاندا ئايال ئادىتى بويىچە ئىشىكنى قىيا ئېچىپ قو-
لىنى سۇنۇپتۇ. ھەسام ئۇنىڭغا ئىككى سومنى تەگلەپتۇ.
خوشنا ئوقەتچىلەردىن ئېرىنىڭ نەچچە تاپقىنىنى ئالالىغا-
چان ئۇقۇۋالغان ئايال:
— قالغان ئىككى سومنىمۇ چىقىرىڭ، — دەپ تۇرۇۋاپتۇ.
ھەسامىدىن ئايالىغا باھانە كۆرسىتىپ شۇنداق دەپتۇ:
— ۋۇگۇنچە ئىشىكنى ئىككى سومغا لايىق بولسىمۇ ئې-
چىپ تۇرغىن. ئەتە ئوقەت بولماي قالسا ئىشىكنى ئېچىپمۇ
بەرمەي تالادا قالىدىغان ئوخشايمەن.

## ئىلگىرى - كېيىن تويۇش

ھەسامىدىن بازار ئايلىنىپ، بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئول-
تۇرۇشىغا، يېنىدا ئومرىدە چاشقانغا كېپەك ئالدۇرمىغان بې-
خىل تونۇشىدىن بىرسى پەيدا بوپتۇ - دە:
— ئاداش، بۈگۈن ئىلگىرى-كېيىن بىر تويىمىزكەن - دە، —
دەپتۇ. شۇ ئارىلىقتا بىلەت كەسكۈچى كېلىپ سوراپتۇ:
— سىلەر ئىككى كىشىمۇ؟
— شۇنداق، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسامىدىن، — ئىككى
كىشىگە بىر شو بەنجىك كېسىۋېتىڭا، ئىلگىر-كېيىن تويايلى.

## ئاۋانسا

ئىدارە باشلىقى ھەسامىنىڭ تام گېزىتىگە يازغان ئىق-
تىساتچانلىق بىلەن ئائىلە باشقۇرۇش، كۆپ ئاۋانسا ئالماس-

لىق توغرىسىدىكى ماقالىسىنى بوغالتىرغا ماختاپ ئولتۇرغىنىدا، بولۇمچە ھىسامىنىڭ ئۆزى كىرىپ قاپتۇ.

— كېلىڭ ھىسام، خوش نىمە ئىش؟ — دەپتۇ باشلىق ھىسامىددىننى خوش مۇئامىلە بىلەن قارشى ئېلىپ.

— ئازراق خىجىلچىلىق بىلەن كىردىۋىدىم، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — كېلەر ئايلىق مۇئاشىم ھىساۋىغا يىگىرمە سوم ئاۋانىس تەستىقلاپ بەرسىڭىز.

— نىمە؟ — دەپتۇ باشلىق ھەيران بولۇپ، — ھوي، سىز تام گېزىتىگە قەرز ئالماسلىق ھەققىدە ماقالە يېزىۋىدىڭىزغۇ؟

— ئۇ خەققە دىگەن تەشۋىقتە، — دەپتۇ ھىسامىددىن، — ئۆزەمنى دىسەم ھەرگىز يازمايتتىم.

## قاغىلار ۋە شەيتانلار

كېچىدە كىنودىن قايتقان ھىسامىددىن تېرەك بېشىدىكى قاغىلارنىڭ تۇيۇقسىز ئەنسىز قاقىلدىشىدىن چوچۇپ، قېتىپلا تۇرۇپ قاپتۇ. كەينىدىن يېتىپ كەلگەن مەھەللە ياشلىرى قورقۇپ كەتكەن ھىسامىددىندىن سوراپتۇ:

— ھىسامكا، نىمە شۇنچە قورقۇپ كەتتىڭىز؟

— سورىمايلا قويۇڭلار، — دەپتۇ ئېسىنى يىغىۋالغان ھىسامىددىن چاندۇرماستىن، — مۇنۇ تېرەك تەگكىشى ئەمەسكەن، ھازىرلا تېرەك ئۈستىدە شەيتانلار گەپ قىلىشتى.

يىگىتلەردىن بىرسى تېرەككە قارىتىپ قول چىرىغى يېقىپ دەپتۇ:

— ھىسامكا، قاغىلاركەنغۇ، ئۇۋا

ھىسامىددىن يەنە گەپ بەرمەپتۇ:

— توۋا، ماۋۇكارامەتنى - ھە، قاغىلار بىلەن شەيتانلار جەڭ قىلىشىپ، بىر دەمدىلا قاغىلار يېڭىپتۇ - دە!

## ئالاھىدىلىك

مەھەللىدە ئىشقا كىرمەكچى بولغان بىر يىگىت ئانكىت تولدۇرۇپ بېرىشنى ئىلتىماس قىلىپ، ھىسامىددىنىنىڭ ئالدىغا كەپتۇ. ھىسامىددىن ئۇنىڭ دىگىنى بويىچە ئانكىت تولدۇرۇپتۇ. — دە، «قانداق ئالاھىدىلىگىڭىز بار؟» دىگەن كاتەكچىگە كەلگەندە، يىگىت سايراپلا كېتىپتۇ:

— ۋاھ، بىزنىڭ قوساقتا ئىش تولىدە، ھىسامكا، قاراڭ، پېقىر توقۇغان قوشاقلارنى قىزلار ئېغىزلىرىدىن چۈشۈرمەيدۇ، ۋالىبول دەمسىز، ۋاسكىتبول دەمسىز، بىزدىن قېچىپ قۇتۇلمايدۇ، يېڭىمدىن ياسىغان ساندۇقلىرىمنى كورسەڭىز ئىدى ... يەنە تېخى ئىسكىرىپكىنى بولبۇلدەك......

— بولدى، بولدى،—دەپتۇ ھىسام،—ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئالاھىدىلىكلىرىڭىزگە بۇكاتەكچە كىچىكلىك قىلىدىغان ئوخشايدۇ، ياخشىسى، بىلمەيدىغان بىرەر ئىشىڭىزنىلا يېزىپ قويايلى.

## يەتمىش ئۈچىنچى ھۈنەر

بىر كىشى ھىسامغا دەپتۇ:

— «ئوغۇل بالىغا يەتمىش ئىككى خىل ھۈنەر ئاز» دەيتىكەن، سىزمۇ بىرەر ھۈنەرنىڭ بېشىنى تۇتۇڭ - دە.

— بىزدىمۇ ھۈنەر بار، — دەپتۇ ھەسام ئىشەنچلىك ھالدا.

— قانداق ھۈنەر ئۇ؟ — قىزىقىپتۇ ھېلىقى كىشى.

— ئۇ يەتمىش ئۈچىنچى ھۈنەر — دەپتۇ، ھەسامىددىن جاۋاپ بېرىپ، — يەنى چاخچاقتىن كۆلكە ياساش.

## ئىسمىم دېموكراتىيە

ھەسامىددىن ئىشلەيدىغان ئىدارىغا يېڭى كەلگەن باشلىق تولىمۇ قاتتىق قول، ئۆزەمچىل كىشى بولۇپ، ئىشچى-خىزمەتچىلەرنىڭ پىكىر بېرىشىگە يول قويمايدىكەن. بىر قېتىم باشلىق مەلۇم ئىش بىلەن ئىشخانىسىغا كىرىپ قالغان ھەسامىددىننىڭ ئىسمىنى سوراپتۇ:

— بۇرۇن ئىسمىم ھەسام بولىدىغان، — دەپ جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسامىددىن، — ھازىر يولداشلار دېموكراتىيە دەپ ئۆزگەرتىپ قويۇشتى.

— نېمىشقا؟ — كوچىلاپ سوراپتۇ باشلىق.

— نېمىشقا دېسىڭىز، — ئەيمەنمەي جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسامىددىن، — دېموكراتىيە دېگەننىڭ ئۆزىنى كۆرمىگەندىن كېيىن، ئىسمىنى بولسىمۇ ئاڭلاپ تۇرايلى، دەپتۇ.

## مۇشتىرىنىڭ پىكرى

"تۆت كىشىلىك گورۇھ" زورلۇق-زومبۇلۇق قىلىۋاتقان مەزگىللەردە، يەرلىك گېزىتنىڭ بىر تەھرىرى ھەددى-

دىن ئاشقان سولچى ماقالىلارنى يېزىۋېرىپ كىشىلەرنىڭ ئۇغىسىنى قايىنىتىپتۇ، بىر كۈنى گېزىتخانا ئۆتكۈزگەن مۇشتىرىلار سۆھبەت يىغىنىدا ھېلىقى تەھرىر ھەسامىدىن سوراپتۇ:

— يولداش ھەسام، گېزىتىڭىز قايسى سانى بازاردا بەكرەك ئاقىدۇ؟

ھەسام دەرھال جاۋاپ بېرىپتۇ:

— سىزنىڭ ماقالىڭىز بېسىلغان سانلىرى.

ئەجەبا، نېمىشقا؟ — قىزىقىپ سوراپتۇ تەھرىر.

— تاماكا چېكىش، ناسۋال يوگەشكە ئەپلىك، دېيىشىدۇ، — دەپتۇ ھەسامىدىن.

## ئەمدى مېنى كوتەرسۇن

ھەسام بازاردىن جوزا سېتىۋاپتۇ-دە، يېرىم يولغىچە كوتىرىپ كېلىپ ھېرىپ-تەرلەپ كېتىپتۇ ۋە جوزىنى كوچىنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئۈستىگە چىقىپ يامپاشلاپتۇ.

— ھەسامىدىن، بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دەپ سوراپتۇ كوچىدىن ئۆتكەن-كەچكەنلەر ھەيران بولۇشۇپ.

— يېرىم يولغىچە مەن جوزىنى كوتەردىم، — دەپتۇ ھەسامىدىن، — ئەمدى قالغان يولغا جوزا مېنى كوتىرىپ باقسۇن دەيمەن!

## مەس بولدۇم

ھەسام، ئىككى چىنىلا بوزا ئىچكەن ئادەم مەس بولىدۇ، دەپ ئاڭلايتتىكەنۇ، ئەمما بوزا ئىچىپ باقمىغان ئى-

كەن. بىر قېتىم مېھماندارچىلىققا بارغان يېرىدە ئۆي ئىگە-
سى ئۆيىنىڭغا ئەتكەن چايدەك چۈچۈمەل ئۇسسۇلۇق قويۇپ بې-
رىپتۇ، يول مېڭىپ چاڭقىغان ھەسام كەينى-كەينىدىن ئۈچ-
تۆت چىنە ئىچىۋېتىپتۇ، بىر چاغدا ساھىبخان:

— ھەسام، بوزا تەسىر قىلاي دەمدۇ؟ — دەپ سورىشى-
غىلا. ھەسام ئىڭغىيىشقا باشلاپتۇ.

— نېمە بولدىڭىز؟ — دەپتۇ ساھىبخان ئەنسىرەپ.

— ئەگەر باياتىن ئىچكىنىم مەن ئاڭلىغان بوزا بول-
سا، — دەپتۇ ھەسام، — ھازىر مەن غەرىق مەس بولدۇم.

## شاۋ - شۇۋ

٢

بىھىللىقتا داڭ چىقارغان بىر كىشى سوقۇم سويۇپتۇ.
بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقان مەھەللىدىكىلەرى بىر سورۇندا بى-
ھىلغا چاخچاق قىلىپتۇ:

— بۇرادەر، ھەچبىر شاۋ-شۇۋسىز لا سوقۇمنى جايلىۋاپسىز-ھە؟
توپ ئىچىدە ئولتۇرغان ھەسام گەپكە ئارىلىشىپتۇ:

— شاۋ - شۇۋنى ئاڭلىمىدىڭىزمۇ تېخى؟ خوشنىمىز كا-
لىنى سويغىچە ھەلى قېرىنىنى توكىدۇ، ھەلى ئۈچەينى سىرىي-
دۇ، دەپ تامادا ساقلاپ تۇرغان بىرەر مىڭ قاغىنىنىڭ
شاۋ - شۇۋى مەھەللىنى بىر ئالدىغۇ.

## ساق قالغان كۆز نەكىنەمۇ....

ھەسامنىڭ خوشنىسىنىڭ ئوغلى رەگەتكە ئېتىپ ئويناپ

ئۆزىنىڭ دەرىزە كۆزنىكىدىن تالاينى چىقىۋېتىپتۇ. بىر كۈنى ھەسام خوشنىسىنىڭ يېنىغا كىرىپ:

— ئەتە ئوغلىڭىزنى بىزنىڭكىگە كىرگۈزسىڭىز، — دەپتۇ.

— نېمىگە؟ — ھەيران بوپتۇ خوشنىسى.

— ئوغلىڭىز مەرگەنلىكتە يېتىشىپ قاپتۇ، — دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەسامىدىن، — دەرىزە كۆزنەكلىرىمىزنى چېقىپ بولاي دىدى، ئەتە ئەينەكچى كەلمەكچىدى. ساق قالغان بىر نەچچە كۆزنەكنىمۇ ئوغلىڭىز ئۆز قولى بىلەن چېقىپ بەرسە، بىراقلا يېڭىدىن ئەينەك سالغۇزاي دەيمەن.

## يەنە بىر دەم تۇرغان بولسىڭىز

دەريا بويىغا چومۇلۇشكە چىققان يىگىتلەرنىڭ بىرسى ھەسامغا: «مەن سۇ ئۈزۈشكە شۇنچىلىك ئۇستىمەنكى، ھەتتا سۇ ئۈستىدە ئوڭدا يېتىپ ئۇخلايمەن» دەپ ماختىنىپتۇ ۋە كېيىنى ئەمەلدە كۆرسىتىش ئۈچۈن دەرياغا شۇڭغۇپتۇ - دە، مىنۇت ئۆتمەي سۇدا بىر كۆرۈنۈپ، بىر چۆكۈپ ئېقىشقا باشلاپتۇ. ئىشنىڭ چاتاقلىقىنى سەزگەن يىگىتلەر سۇغا سەكرىشىپ خېلى ھەشەملەر بىلەن يىگىتنى قىرغاققا ئېلىپ چىقىپتۇ. يىگىت ھوشىغا كېلىپ كۆزىنى ئېچىشىغا:

— قالتىس ئۇخلايدىكەنسىز، — دەپتۇ ھەسام ئۇنى ماختاپ، — يەنە بىر دەم تۇرغان بولسىڭىز، ئۇخلاپ قېتىپلا قالاتتىڭىز.

## چاقنى تولىتىش

ھەسامىدىنغا تونۇش بىر دۆيچاڭ يوقالغان چاق مەسە-

لىسىنى سوزلەپ بېرىپ ئۇنىڭدىن مەسلىھەت سوراپتۇ:
— شۇنداق قىلىپ ماخودىن چاق يوقالدى دەڭا، ھەسامىددىن، ساقچىلار، «ماخونىڭ گۈزەتچىسى تولەيدۇ» دەيدۇ، «ماخوغا گۈزەتچى قويمىغان ئىدۇق» دېسەم، «ئانداق بولسا، مەسئۇلىيەت دۇيجاڭدا، دۇيجاڭ تولىسۇن» دەيدۇ، ئۇكا، قانداق قىلغۇلۇق؟

ھەسامىددىن بىر پەس ئويلىنىپ، مەسلىھەت بېرىپتۇ:
— كارى چاغلىقكەن، دۇيجاڭ، بىئۈگۈنلا بىر گۈزەتچى تەيىن قىلىڭ-دە، چاقنى شۇنىڭدىن تولىتىۋېلىڭ!

## تېزرەك پىشقىنى ياخشى

بازار ئايلىنىپ قوسىقى ئاچقان ھەسامىددىن ناۋايخانىغا كىرىپتۇ. بىراق ئەزمە ناۋاي پىشىپ قالغان ناننى قومۇرماستىن ھەسام بىلەن پاراڭغا چۈشۈپتۇ، خېلى بىر مەزگىلدىن كېيىن ناۋاي ھەسامىددىندىن سوراپتۇ:
— ھەسامجان، زىما سۈركىگەن ناننى ياخشى كۆرەمسىز، سىيادان سالغاننىمۇ؟
قوسىقىنىڭ نەغمە چېلىشىغا چىدالماي تۇرغان ھەسام جاۋاپ بېرىپتۇ:
— ھەممىدىن تېزرەك پىشقىنى ياخشى.

## ئەزمىگە جاۋاپ

ھەسامىددىننىڭ تونۇشلىرى ئىچىدە، تازىمۇ ئەزمە بىر كىشى بار ئىكەن، بىر كۈنى ھەسامىددىن كېچىلىك گۈزەت،

ئۇچۇن قېلىن كىيىنىپ، ئالدىراش خامانغا كېتىۋاتسا، ھە-
لىقى تونۇشى ئۇچراپ قاپتۇ. -دە، ھەسامنى يولدىن توساپ
ئۇزۇنغىچە ئەزمىلىك قىلغاندىن كېيىن، دەپتۇ:
— ۋاھ، ئاغىنە، يازنىڭ يېزىدا پاختىلىق چاپان كىيىـ
ۋالغىنىڭ نېمىسى؟
— سېنىڭ كۆپۈڭ تۈگىگىچە قىش چۈشۈپ كەتمىسۇن،
دەپ كىيىۋالغانتىم، — دەپتۇ ھەسامدىن.

## سەجدىگە كېتىپ قوپالمايۋاتىدۇ

ھەسام ئىشتىن چۈشۈپ قايتىپ كېتىۋاتسا، تىنىماي خۇدا-



گۈيلۈقنى ئېغىزىدىن
چۈشۈرمەيدىغان خوش-
نىسى مەس بولۇپ يول
ئۈستىدىلا يېتىپ قاپتۇ،
ھەسام قولباغلاپ خوش-
نىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇ-
ۋېرىپتۇ، ئۆتكەن - كەچ-
كەنلەر ھەيران بولۇپ
— ھەسام، نېمە
قىلىۋاتىسىز ؟ — دەپ
سورايتىكەن، ھەسام دەپتۇ:
— بۇ مۆمىننى
ناقلاپ تۇرىمەن، يولدىلا
سەجدىگە كېتىپ قوپالمايۋاتىدۇ.

# ئاۋارىگەرچىلىك

توي قىلىش ئۈچۈن قىزىل قەغەزگە بارغان ھىسامنى رايون كادىرى بەلگىلىمىدە يوق رەسمىيەتلەر بىلەن تولا يول ماڭدۇرۇپ، ئازىمۇ ئاۋارە قىپتۇ. يەنە بىر قېتىملىق «ئەتە كېلىڭلار»دا ئەلەمنى ئىچىگە سىغدۇرالماي تۇرغان ھىسام كادىرغا دەپتۇ:

— بولدىلا، بۇ ئاۋارىچىلىقنىڭ ئۆزى ياخشى ئوخشايدۇ.

— نىمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟ — ھەيران بولۇپتۇ كادىر.

— كىچىككىنە قەغەز كېسىپ بېرىدىغان كىشىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكى مۇنچىلىك بولسا، پۈتۈن سۆرۈك قىز بەرگەن كىشىنىڭ ئاۋارىگەرچىلىكىگە جان توشامدۇ؟ — دەپتۇ ھىسام ئەلەم بىلەن.

## ھېكايە ۋە خەۋەر

ھىسامنىڭ ئوبدانغىنا ھېكايە يازىدىغان بىر ئاغىنىسى ئاسان يولغا بېرىلىپ خەۋەر يېزىشقا كىرىشىپ كېتىپتۇ. بىر كۈنى ئۇ ھىسامغا مەسلىھەت سالپتۇ:

— خەقلەر ھېكايىنى تاشلىۋەتتىڭ، دەپ بەكمۇ جىمىلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئەمدى يەنە ھېكايىغا كىرىشسەم بولمايدىغاندەك، ئاداش.

— خاتىرجەم بول، — دەپتۇ ھىسام، — شۇ سەۋەپ ئۈچۈنلا ھېكايە يازىدىغان بولساڭ، ئەمدى يازغان ھېكايىلىرىڭمۇ خەۋەردىن پەرقلەنمەيدۇ.

# سەۋرىنىڭ سىرى

ئىشلەپچىقىرىش دۇيىدە ئەمگەك كۆپ، تاماق ناچار بولغانلىقتىن ئۈستىگە قۇرۇق يىغىنمۇ ئاۋۇپ كېتىپتۇ، بىر قېتىم خىزمەت گۇرۇپپىسىنىڭ مەسئۇلى ئادىتى بويىچە مەجلىستە خاتىرىسىدىن بېشىنى كۆتەرمەي سۆزلىگىلى تۇرۇپتۇ. كەچكىچە شال ئوتاپ ئېزىلگەن ئەزالار بىر-بىرلەپ يۇتىنىڭ ئۇچىدا چىقىپ كېتىشكە باشلاپتۇ. بىر چاغدا باشلىق بېشىنى كۆتىرىپ قارىسا، ئالدىدا ھېسامدىن بولەك ھېچكىم قالماپتۇ.



— يولداش، سىزنىڭ لۇشيەن ئېگىزگىز يۇقۇرىكەن، — دەپتۇ باشلىق ھەجايىغىنىچە، — مېنىڭ دوكلادىمنى سىزلا بېرىلىپ ئاڭلايسىز.

— يوغسۇ باشلىق، — دەپتۇ ھېسام ئېھتىرام بىلدۈرۈپ، — مەنغۇ ھەممىنىڭ ئالدىدا كېتەتتىم، تېگىمىزدىكى بەلدىڭ مېنىڭكى بولغاچ، شۇنى ئالغاچ كېتەي، دەپ تۇرۇپ قالدىم.

## كىچىك ئۆيلىنىش

ھەسامنىڭ دوستلىرى ئۆزىنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى دەپ، ھەسامغا چوڭ بىر ئايالنى لايىق تېپىپتۇ. بىر كۈنى تونۇش-لىرىدىن بىرى ھەسامغا چاقچاق قىپتۇ:

— مۇبارەك بولسۇن ھەسامكا، قېرىغاندا ئۆيلىنىدىغان بوپسىز.

— تەكشۈرمەستىن سۆزلىۋەرمەڭ، بۇرادەر، — دەپتۇ ھەسام-ھەمن رەنجىپ، — لايىغىمنى بىر كۆرسىڭىز ئىدى، مېنىڭ كىچىك ئۆيلىنىدىغانلىقىمنى بىلەتتىڭىز.

## باش بىكار بولمىسا......

«تۆت كىشىلىك گۇرۇھ» يىقىلغاندىن كېيىن. ھەسام با-ھام دوپپا كىيىپ كوچىغا چىقىپتۇ. دوپپىنىڭ ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشقانلىقىنى كۆرگەن بىر ئاغىنىسى:

— ئاداش، دوپپاڭغا مەسلىگىم كېلىۋاتىدۇ، بۇرۇنراق كەيى-سەڭ بولىتىكەن، — دەپتۇ.

— ھەي ئاداش، — دەپتۇ ھەسام بېشىنى چايقاپ، — نەچچە ۋاقىتتىن بېرى باش بىكار بولمىسا قانداق كىيەتتىم.

## سىزنى دوراۋاتىدۇ

ھەسام ئىشەك مىنىپ بازارغا كېتىۋاتسا ئۇلگىچە ئىچىپ

سەنتۈرۈلۈپ كېلىۋاتقان خوشنىسى ئۈچراپ قاپتۇ. خوشنىسى ھەسامغا چاخچاق قىپتۇ:

— ئاغىنە، ئىشەككىڭلارغا يەم بەرمىگەنمۇ نىمە، ئىشىكىڭى يې-قىنغا سەندىرەكلەيدىغۇ؟

— قوسىقىغۇ توق ئىدى، — دەپتۇ ھەسام شۇ ھامان، — بەل-كى سىزنى دوراۋاتقىنى بولسا كېرەك!

## مۇشۇنداق كېلىۋەرسىڭىز

گوڭشىنىڭ بىر باشلىقى باغۋەنچىلىك دۆيمىگە كۈندە دېگۈدەكلا كېلىپ يوغان سومكىسىنى مېۋە-چېۋىگە تولدۇرۇپ كېتەتتىكەن.

— ھەسامىدىن، — دەپتۇ باشلىق بىر قېتىم ئالما ئۈزۈۋاتقان ھەسامنىڭ يېنىغا كېلىپ ماختىنىپ، — مېنىڭ پات-پات كېلىپ يوليورۇق كورسىتىپ تۇرۇشۇمنىڭ ئارقىسىدا بۇ يىل خېلى راۋاج تېپىپ قالدىڭلار جۇمۇ!

— شۇنداق بولامدىغان، — دەپتۇ ھەسام، — ئاشۇ سېرىقسومكىڭىز بىلەن پات-پات كېلىپ تۇرسىڭىز تېز باي بولۇپ كېتىمىز.

## „بۇ شۇجىغا“....

ئىشلەپچىقىرىش تۈيىنىڭ خوشامەتچى دۆيجاڭى دۆيدە ئەزالارغا قانداقلىكى نەرسە تارقىتىلسا باش بۇرۇنىدىن „بۇ-شۇجىغا“ دەپ داۋىي شۇجىسىغا ئايرىپ قوياتتىكەن.

بىر قېتىم ئوستەڭگە چىقىدىغان ئەزالارغا بازغان تەقسىم

قىلىنىپ بېرىلمىۋاتقاندا، ھەسام بىر دانە بازغاننى ئايرىپ
دۈيجاڭغا تۇتقۇزۇپتۇ.

—دۈيجاڭ سىز يەتكۈزۈپ بېرەمسىز، بۇ شۇجىغا،—دەپتۇ.

—ئەخماق بولدۇڭمۇ، — دەپ تېرىكىپتۇ دۈيجاڭ، — دادۈي-
نىڭ رەھبىرى بولغان ئادەم سېنىڭ دۈيۈڭگە ئۇستەڭ چېپى-
شىپ بېرەمدۇ؟

—ئۆزىڭىز دۈيىمىزدە تارقىتىلغانلىكى نەرسىدىن شۇجى-
غا ئايرىپ قوياتتىڭىز،—دەپ چۈشەندۈرۈپتۇ ھەسام،—بۇ قې-
تىممۇ شۇنداق چاغلاپ قاپتىمەن.

## پايدا قىلمىدىغان دورا

ھەسام بىر كۈنى دوختۇرخانىغا بېرىپ دوختۇرغا:

—ماڭا ئۆتكەنكى دورىڭىزدىن بەرسىڭىز، شۇ ناھايىتى
پايدا قىلمىدىغان دورىكەن،—دەپتۇ.

ئۆتكەندە—سىزگە قانداق دورا بەرگەن ئىدىم؟—دەپ
سوراپتۇ دوختۇر ئەسلىيەلمەي.

—"بىر ھەپتە دەم ئېلىش" دېگەن دورا ئىدى،— دەپ
جاۋاپ بېرىپتۇ ھەسام.

## قايسى سۆزىڭىزگە ئىشىنەي

ھەسامنىڭ ئارا تام خوشنىسى بىر قېتىم مەھەللە دوق-
مۇشىدا پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭغا جان بېقىشنىڭ تەد-
بىرلىرىنى ئۆگىتىپتۇ.

—شۇنى ئۇنتۇماڭكى، ھەر قانداق ۋاقىتتا خەقنىڭكىدىن پايدىلىنىشنى ئىزلەش كېرەك. مەسىلەن، ئۆزىڭىزنىڭ ۋەلسىپىتىڭىز ساق بولسىمۇ، خەققە بۇزۇق ئىدى، دەپ بەرمەڭ. خەقنىڭ ۋەلسىپىتىنى يېڭى بولمىسىمۇ قورقماي مىنىۋېرىڭ.

ئاردىن بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ ھەسام كوچىدا خوشنىسىنىڭ ۋەلسىپىتىنى يېتىلەپ كېلىۋاتقانلىغىنى كورۈپ سوراپتۇ:

—خوشنام، ۋەلسىپىت تۇرۇپ پىيادە ماڭغىنىڭىز نىمىسى؟

—كورمەمسىز، قۇرغۇرنىڭ يېڭى توختىماي ۋاتىدۇ،—دەپتۇ خوشنىسى.

ھەسام بولسا خوشنىسىنىڭ سوزىنى ئاڭلاپ ئىتتىك بېرىپ ۋەلسىپىتنىڭ رولىنى تۇتۇپتۇ.

—ۋەلسىپىتىڭىزنى بىردەملىككە بېرىڭا، سودىلىق قىلىپ كېلىۋالاي.

—ساراڭ بولدىڭىزمۇ؟—خوشنىسى تىرىكىپتۇ،—يېڭى يوق ۋەلسىپىتنى مىنگىلى بولامدىكەن؟

ھەسام ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

—قايسى گېپىڭىزگە ئىشىنەي، ئۇ كۈنى دوقمۇشتا قىلغان گېپىڭىزگىمۇ ياكى ھازىرقىسىغىمۇ؟

## كوزنى يۇمۇپ ...

ھەسامنىڭ مەھەللىسىدىكى ئوستەڭنىڭ تازىلىغى بىر مەزگىل تولىمۇ ناچارلاپ كېتىپتۇ. بىر قېتىم ھەسامنىڭ شەھەردىن چىققان ئىنىسى سوغا چىقىپ كېتىپ، بىردەمدىلا قايتىپ كەپتۇ ۋە ھەسامدىن سوراپتۇ:

— ئاكا، سۇ بەك پاسكىنىكەن، قانداق ئالىمىز؟

— ھېچقىسى يوق، كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئىچىۋەرگىن، — دەپتۇ ھەسام ئامالسىز قىياپەتتە.

— پاسكىنا سۇنىڭ چىپىنى قانداق ئىچكىلى بولىدۇ؟ — دەپ يەنە سوراپتۇ ئىنىسى ھەيران بولۇپ.

— قانداق قىلاتتۇق، ھەدەڭ قايناتقان چاينىمۇ كۆزىمىزنى يۇمۇپ ئىچىۋېرىمىزدە ئەمدى، — دەپتۇ ھەسام.

## ئوبلاست دەرىجىلىك مىجەز

ھەسامنىڭ مەلۇم تونۇشى چوڭراق بىر ئىدارىدا يوتكەلگەندىن كېيىن تونۇش - بىلىشلەرنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئالماس بولۇۋاپتۇ. مۇنداق مۇئامىلىگە دۇچكەلگەن ھەسام بىر قېتىم ھېلىقى تونۇشىدىن:

— راستىلا بۇرادەر، سىزنىڭ يوتكەلگىنىڭىز قايسى ئىدارە ئىدى؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئوبلاست دەرىجىلىك ئىدارە، — دەپتۇ تونۇشى مەيدىسىنى كەرگەن ھالدا.

— ھە، شۇ! — دەپتۇ ھەسام بېشىنى لىڭشىتىپ، — شۇڭلاشقا مىجەزىڭىزمۇ ئوبلاست دەرىجىلىك بولۇپقالغان ئىكەن - دە!

## گوشنى ئۇرۇش

قاسساپ دۇكىنىدىن گوش ئالغان ھەسامغا ناتونۇش قاسساپ گوشنىڭ بەكمۇ ناچار يېرىدىن تارتىپ بېرىپتۇ. ھە-

سام سوغدا توڭلاپ قالغان گوشنى كىچىك سومكى-
غا سىغدۇرالماي، سومكىنىڭ تېشىدىن ھەدەپ مۇشلاۋاتقىنىدا،
تونۇش بىرەيلەن كېلىپ قېلىپ چاخچاق قىپتۇ:
— ئاغىنە، گوشتە نىمە گۇنا، نىمانچىلا ئۇرىسىز؟
— قاسساپنى ئۇرغىلى بولمىسا قانداق قىلاي؟ —
دەپتۇ ھىسام جاۋابەن.

## يازىدۇ

ئوزىنى سالاپەتلىك كورسىتىپ يۈرىدىغان بىر كىشى
توغرىسىدا بىرسى ھىسامدىن سوراپتۇ:
— يۈرۈش - تۇرۇشىغا قارىغاندا، مۇشۇ ئادەم يازامدۇ،
قازداق؟
— يازىدۇ، — دەپتۇ ھىسام، — يات - ياتلا مەسلىگىدە
جىدەل چىقىرىپ، ئىدارىدە تەكشۈرۈش يازىدۇ.

## چاتاق يوق

ھىسام بازاردىن كومۇر ئېلىپ، بىر ئىشەك ھارۋىغا
كىرا قىپتۇ. ھارۋىكەش بالا ئوڭغۇل - دوڭغۇل يولدا ھارۋىنى
بولۇشىغا ھەيدەۋېرىپتۇ. ھىسام كومۇرنىڭ چۈشۈپ قېلىشىدىن
ئەنسىرەپ:
— ئۇكا، ئاستىراق ھەيدەڭ، — دەپتىكەن، ھارۋىكەش بالا
ئىرەڭ قىلماي:
— چاتاق يوق، — دىگىنىچە ھارۋىنى ھەيدەۋېرىپتۇ.

يولدا كېتىۋېتىپ ئېشەكنىڭ توشۇيغى ئۈزۈلۈپ كېتىپتۇ، ھەسام كويۇنۇپ:

— توختاپ توشۇغىنى باغلىۋېلىڭ، — دېسە، ھارۋىكەش يەنە:

— چاتاق يوق، — دەپ كېتىۋېرىپتۇ، بىر چاغدا ھارۋا چاقى كاتاڭغا چاقىدە چۈشۈپتۇدە، ئوق ئوتتۇرىدىن سۇنۇپتۇ، ھارۋىكەش:

— ئاپلا — دەپتۇ.

ھەسام دەرھال ئۇنىڭ يېنىغا يېقىن كېلىپ:

— ھەيدەۋېرىڭ، چاتاق يوق! — دەپتۇ.

## ئاۋال سورىۋېلىڭ

گوش دۇكىنىدا گوشنىڭ لەش يېرى تەككەن بىر خېرىدار قاسساپقا ئاچچىغلاپ:

— تونۇش - بىلىشىڭگە ساپلا ياخشى گوش بېرىپ، باشقىلارغا سۆڭەك بېرىدىغان قانداق ئادەمسەن؟ — دەپتۇ.

— بېرىمەن، قانداق؟ دەيدىغان يېرىڭگە بېرىپ دېمەمسەن، — دەپتۇ قاسساپ. ھېلىقى خېرىدار گوشنى تارازىغا تاشلاپ:

— باشلىغىڭغا دېمىسەم، كورۈپتۇر، — دىگىنىچە تالاغا قاراپ مېڭىپتۇ، كىشىلەر قاتارىدا گوشكە نۆۋەت ساقلاپ تۇرغان ھەسام ھېلىقى خېرىدارنى توختىتىپ دەپتۇ:

— ئاكا، بېرىپ دېيىشتىن ئاۋال، بىر نېمىنى قاساپتىن سورىۋېلىڭ.

— نېمىنى؟ — ھەيران بوپتۇ خېرىدار.
ھەسام چۈشەندۈرۈپتۇ:
— قايسى باشلىق ئۇنىڭدىن گۆش ئالمايدىغانلىقىنى!

## ئەندىشە

ھەسامدىن بىر شاگىرت بالا سوراپتۇ:
— نەچچە كۈندىن بېرى چاقچاقىمىز بەك ئازايغۇ؟
— تېخى ئۇقمىدىڭمۇ، زاۋۇتتا يېڭىچە سايلام ئۆتكۈزۈلمەكچى، شۇنىڭدىن ئەنسىرەۋاتىمىز، — دەپتۇ ھەسام، شاگىرت بالا ھەيران بوپتۇ:
— بۇنىڭ ئەنسىرىگىدەك نېمىسى بار؟ چاقچاق بولالمىسا باشقا ئىش قىلسا بولىۋېرىدىغۇ؟
— بالىسەن - دە! — دەپتۇ ھەسام، — بىزنىڭ چاقچاق چاقچاقلىقتىن باشقىنى بىلمەيدۇ ئەمەسمۇ.

## ئاداۋەتنى يېپىش

ھەسامىدىن بالنىتسىدا ياتقاندا، يوقىلاڭ بىر ئىش ئۈستىدە سېستىرا قىز بىلەن قىزىرىشىپ قاپتۇ. شۇنىڭدىن بېرى كۈندە تېمپېراتۇرىنى ئۆلچەپ، «چوڭ تارەت نەچچە قېتىم، كىچىك تارەت نەچچە قېتىم؟» دەپ سوراپ تۇرىدىغان سېستىرا قىز بۇنداق سوئالنى باشقىلاردىنلا سوراپ، ھەسامىدىندىن سورىمايدىغان بوپتۇ. سېستىرانىڭ ئاداۋىتىدىن ئىچى پۇشقان ھەسامىدىن ئاخىر سېستىراغا دەپتۇ:

— سىڭلىمەيۋى، بىزمۇ ھاجەتكە چىقىپ تۇرىۋاتىمىز بۇمۇڭا!

## ئاغىنىدارچىلىق

بىر قېتىم ھىسامىددىن ئاغىنىلىرىنىڭ تەكلىۋى بىلەن شەھەرگە كىرىپتۇ، ئەمما ئاغىنىلىرى مەشرەپكە بىللە باردىكەن - دە، قايتقاندا ھىسامنى ئۆيلىرىگىمۇ تەكلىپ قىلماي ئۆزلىرى كېتىپ قالىدىكەن.

مەلۇم مەشرەپتە بىر تونۇش كىشى ھىسامىددىندىن سوراپتۇ:

— ھە، ھىسامىددىن، ئىشلار قانداق، نەدە يېتىپ قوپۇۋاتىسىز؟

ھىسامىددىن ئىككى يېنىدا ئولتۇرغان ھېلىقى ئاغىنىلىرىگە مەنىلىك قاراپ جاۋاپ بېرىپتۇ:

— ئىشلار كاتتا ئاكا، ئەل - ئاغىنىلەر قويۇپ بەرمەي، ھەگدە يېتىپ قوپۇۋاتىمەن.

## ئوقۇغۇچىلىق پورمىسى

بىر كۈنى بىر نەچچە ئوقۇغۇچى ھىسامىنىڭ كىيىۋالغان كىيىملىرىدىن ھەيران بولۇپ سوراپتۇ:

— ھىسامكا، چوپ - چوڭ تۇرۇپ ئوقۇغۇچىلىق پورمىسىدا كىيىنىۋاپسىزغۇ؟

— ئاراڭلاردا بىر ساۋاقداش تۈنۈگۈن مەندىن تاماكا

سورىغان ئىدى، — دەپتۇ ھەسام، — شۇنىڭغا قاراپ مەن تېخى ئۆزەمنى سىلەر بىلەن تەڭ چېغىم دەپ ئويلاپ قاپتىمەن.

## جۇيجاڭ ئىزلەش

بىر ئىشنى ھەل قىلىش ئۈچۈن شەھەلىك ھۆكۈمەت ئىدارىسىدىن مەلۇم بىر جۇيجاڭنى بىر ھەپتىدىن ئارتۇق ۋاقىت ئىچىدە كۈندە كېلىپ تاپالماي يۈرگەن ھەسام تولىمۇ جىلى بوپتۇ. شۇنداق جىلى بولۇپ قايتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە تونۇش بىرسى ئۇنىڭغا ئۇچراپ قاپتۇ - دە:

— ھە، ھەسام، كورۇنمەيدىغان بوپكەتتىڭىزغۇ؟ ھازىر قەيەردە ئىشلەۋاتىسىز؟ — دەپ سوراپتۇ.

— ئون كۈنچە بولدى خىزمىتىم ئۆستى، — دەپتۇ ھەسام، — شەھەرلىك ھۆكۈمەت بىناسىدىكى جۇيجاڭ ئىزلەش ئىدارىسىدا ئىشلەۋاتىمەن.

## ئالداش

بىراۋ ھەسامدىن سوراپتۇ:

— بىلەمسىز، بازاردىكى بەزى ئوقەتچىلەر قانداق قىلىپ جان باقىدۇ؟

ھەسام دەپتۇ:

— چۈشكىچە خەقنى ئالدايدۇ، چۈشتىن كېيىن بىر - بىرىنى ئالداپ جان باقىدۇ.

## سىز تاغارنىڭ تېشىدا ئىدىڭىز

بىرنەچچە بايۋەچچە ئۈلپەت هاراق ئىچىپ ئولتۇرۇشۇپ، زېرىككەنلىكتىن شاڭخو قىلىشماقچى بولۇشۇپ، ھەسامنى قىچ-قاردى، بايۋەچچىلەرنىڭ گەپ سوزلىرىدىنلا ئۇلارنىڭ غەرە-زىنى چۈشەنگەن ھەسام ئۈستى - ئۈستىلەپ چاخچاق كەلتۈرۈپ ھەممىسىنى ئاخىرىدا ئولۇك قاغىغا ئوخشىتىپ، تاغارغا سولاپ ياردىن دومىلىتىۋەتتى، چىدىمىغان بايۋەچچىلەر ھەسامنى ئۇرماقچى بولۇشتى، شۇچاغدا ئوي ئىگىسى بايۋەچچە جىدەل-گە ئارىلاشتى - دە، دەسلەپتە ھەسامنىڭ قۇلىغىغا كىرۇسۇر-لاپ سوردى:

— ھەسامىدىن، مەنمۇ شۇ تاغارنىڭ ئىچىدىمۇ — قانداق؟

— سىز ئۇ چاغدا بىزگە چاي ئەكىرگىلى دالانغا چىق-قىپ كەتكەچكە، — دىدى ھەسام، — تاغارنىڭ تېشىدا قالدىڭىز.

قانائەتلەنگەن ئوي ئىگىسى ئاغىنىلىرىگە كايىدى:

— بولدى قويۇڭلار، ھەسامىدىندا ئەيىپ يوق. دىمە-سىمۇ ئوزەڭلەر دەسلەپتە تولۇق قاغىدەك يىپىلدىڭلار.

## باراڭلىققۇ تۇگىدى ...

توت بەڭگە بىر باتقا كىرىپ ئوزۇم بارىڭى تىگىدە يىنەكچە تاماكىنى راسا چېكىپ قىيىسىپىشتى. بىر چاغدا بەڭ-گىلەر قايتماقچى بولۇپ ئورۇنلىرىدىن تۇرۇشىۋىدى، باشلىرى باراڭغا تاقاشتى، ئۇلار ئىگىشىپ باراڭدىن چىقىشتى، شۇ

مۆكچەيگەن بېتى كوچىغا چىققاندىن كېيىنمۇ غاز قانىتى بولۇشۇپ مەھەللىلەرنى ئارىلاپ مېڭىشتى. بىر چاغدا ئۇشتۇمتۇت ئۇلارنىڭ ئالدىدىن ھەسام چىقىپ قالدى. ئالدىدا كېتىۋاتقان بەگگە ئۇنىڭدىن سورىدى:

— ۋا، ھەسام، باراڭلىق تۈگىدىمۇ؟

— باراڭلىققۇ تۈگىدى، — دېدى ھەسام بەگلەرنىڭ تورقىدىن كۈلگىنىچە، — ئەمما ساراڭلىق تېخى تۈگىمىدى.

## بەگنىڭ مۈچىلى

مۈچەل سۈرۈشتۈرۈش بولۇۋاتقان سورۇندا ئولتۇرغان ھەسامنىڭ تولا نەشە چېكىشتىن رەڭگى-رۇخسارى سامانداك ساغىرىپ كەتكەن مەھەللىداش خوشنىسى ئۆزىنىڭ مۈچىلىنى بىلىشكە قىزىقتىندە، ھەسامدىن سورىدى:

— ھەسامىدىن ئاغىنە، مەن ئون ياشقا كىرگىنىمدە ھەلقى يىلى قېلىن قار يېغىپتىكەن، شۇ چاغدا مۈچىلىم نېمە بولۇپ كەتتى؟ ھېسابلاپ بېقىڭا!

ھەسام ھېسابلىمايلا جاۋاپ بەردى:

— قار قېلىن ياغسۇن، نېپىز ياغسۇن، ئەيتاۋۇر سىزنىڭ مۈچىلىڭىز ئۆزىڭىزمۇ ئېنىقلا خوشنام، بىلىشىمچە سىز كەندىر يىللىققۇ دەيمەن.

## بۇ تېخى يېتىشمەيدۇ

بىر ئاغىنىسى ھەسامىدىن ئىشلەۋاتقان ئىدارىنىڭ ئەھ-

ۋالىنى سوٴروٴشتۇردى:
— ئىدارەڭلەردە جەمى نەچچە جۇردىن بار؟
— توققۇز — دىدى، ھىسام ئاغىنىسى ھەيران بولدى:
— نىمانچە تولا باشلىق بۇ ؟
— نىمە دەۋاتقىنىڭ، باشلىق تېخى يېتىشمەيدۇ،—دىدى ھىسام،—خىزمەتلەرگە يولىۇرۇق سوراي دىسەڭ بىرىنىمۇ تاپالمايسەن.

## ھەتتەڭگىنەي

ھىسام قۇرۇلۇشتا لايچىلىق قىلىۋاتقىنىدا ئۇنىڭ شىرىنگى بىر نەچچە كۇنگىچە كەلمەي قويۇپتۇ. ھىسام ئۇنىڭ ئىزدىگىنى قىلغان ئىكەن، بىرەيلەن:
— تېخى ئۇقمىدىڭمۇ؟ شىرىنگىڭ تۇنۇگۇندىن بىرى ئىسكىلاتچىك بولۇپ كەتتى،—دەپتۇ.
— قانداقچىسىغا؟—ھەيران بولۇپ سوراپتۇ ھىسام شىرىنگىنىڭ قايسى يول بىلەن ئامەت تاپقىنىنى چۈشەنمەي.
— ئۇنىڭ دادىسى قۇرۇلۇش ئىدارە باشلىقىنىڭ كوزىداۋالاپ ساقايتتى ئەمەسمۇ؟—دەپ چۈشەندۇرۇپتۇ ھىلىقى كىشى.
— ھەتتەڭگىنەي، — دەپتۇ ھىسامشۇ چاغدا،—باشلىقنىڭ كوزى ئاغرىغىچە يۇتى سۇنسىچۇ! مىنىڭ دادام ئۇستا تېڭىقچى ئىدى - دە.

## مەسئۇلىيەت

ھىسام كىنوغا كىرىش ئۇچۇن ۋەلسىپىتنى ساقلاش

ئورنىغا قويغان ئىدى. ۋەلسىپىت ساقلىغۇچى ئايال ئۇنىڭغا دېدى:

— ۋەلسىپىتىڭىزنىڭ قۇلۇپى يوقكەن، شۇڭا ئالتە تىيىن تۆلەيسىز، ئۈچ تىيىن قاراش ھەققى، ئۈچ تىيىن قۇلۇپسىز ۋەلسىپىتنىڭ مەسئۇلىيەت ھەققى.

ھېسام ئايالنىڭ دېگىنىنى بەردى - دە، كىنوغا كىرىپ كەتتى. كىنودىن قايتىپ چىققاندا قارىسا ۋەلسىپىتى ئاقتىمۇ يوق، كۆكتىمۇ يوق. ھېسام بايا پۇل ئالغان ئايالنىڭ يېنىغا باردى - دە، دېدى:

— ۋەلسىپىتنى نەدىن بولسا تېپىڭ، كىم سىزنى مەسئۇلىيەتنىڭ باھاسىنى شۇنچە چۈشۈرۈۋېتىڭ دەپتۇ.

## تويىدۇ - دە!

ھېساملارنىڭ خوشنىسى دائىم دىڭگىدەك مەس كېلىپ يۇۋاش خوتۇنى بىلەن جاڭجاللىشىدىكەن، جاڭجاللاشسىلا مەھەللىنى كۆتۈرۈۋەتكىدەك قىلىپ:

— تويدۇم سېنىڭدىن، ئەزبىرايى تويدۇم، — دەپ ۋارقىرايدىكەن. بىر قېتىملىق ئاشۇنداق جېدەلدە خوشنىسىنىڭ ئاۋازىنى يەنە ئاڭلىغان ھېسامنىڭ ئۆيىدىكىلىرى ئېرىدىن سوراپتۇ:

— ھەيرانمەن، خوشنىمىزنىڭ «تويدۇم» دەپ جارسىلىشى قانداق گەپتۇ، نېمە دېگىنى ئۇ؟

ھېسام ئۆيىدىكىلەرگە چۈشەندۈرۈپتۇ:

— تاماقنى قەرەلىدە، ئوخشىتىپ ئېتىپ بېرىپ تۇرغانىدىن كېيىن تويىدۇ - دە!

مۇقاۋىسىنى ۋە رەسىملەرنى جالالىدىن بەھرام ئىشلىگەن

依沙木笑话（维吾尔文）

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放路306号）
新疆新华书店发行　新疆哈密地区印刷厂印刷
787×1092毫米　32开本　2.5印张
1982年3月第1版　1982年10月第1次印刷
印数：1——30，000

统一书号：M10098·640　定价：0.15元